ئۆمەرجان سدىق

# بۇ شۇنداق مۇھەببەت،
# بۇ شۇنداق ئازاب



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتابىمنى قەلبىمنى نۇرلۇق ۋە
ئېتىقاد سۈيى بىلەن سۇغارغان ھۆرمەتلىك
ئاتام - مەرھۇم سىدىق باقىغا، پەزىلەت
ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقان قەدىردان
ئاپام - مەرھۇم ھاۋاخان مۇقىيت
مۇئەللىمگە ئېھتىرام بىلەن بېغىشلايمەن.

ئۆمەرجان سىدىق

2001 - يىلى، تۇرپان.



ئۆمەرجان سدىق

# بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب

(شېئىرلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

痛苦的爱/吾买尔江·斯迪克著. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.12

ISBN 7-228-06829-7

Ⅰ. 痛… Ⅱ. 吾… Ⅲ. 诗歌-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第088107号

责任编辑:巴里江
阿达来提
封面设计:艾克拜尔·沙力

**痛苦的爱** (维吾尔文)
(诗集)
**吾买尔江·斯迪克 著**

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐华清科技印务有限责任公司
787×1092毫米 32开本 5.125印张 2插页
2001年12月第1版 2001年12月第1次印刷
印数:1—3,000

---

ISBN 7—228—06829—7/I.2496 定价:7.00元



# مۇھەررىردىن

ياش شائىر ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن) 1971-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى جايىغوجام كەنتىدە تۇغۇلغان. 1988-يىلى سىڭگىم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1992-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش تاماملىغان ئۆمەرجان سىدىق «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بۇ گېزىتتە ئەدەبىي بەت مۇھەررىرى ۋە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىر ئۆمەرجان سىدىق 1989-يىلدىن باشلاپ «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تۇرپان»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئوشۇق شېئىر، ھېكايە، نەسىر، ئوبزور ۋە مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان (باشقىلار بىلەن بىللە) «پەرۋاز قىل تۇرپان»، «ئاتەش نەپەسلەر»ناملىق ئىككى كىتاب 1996-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «قايدىسەن دىلدار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 2001 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى «يۈرەكسىز سۆيگۈ»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. «توغراقتا ئايلانغان ئادەملەر» ناملىق ئەسىرى 11 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۆمەرجان سىدىق ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ئاز ھەم تېتىملىق يازىدىغان، ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە، ئەقىدىلىك ياش شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتقا، پاكىز ھەسرەتكە، گۈزەل تەسەۋۋۇرغا، سەمىمىي مۇھەببەتكە تويۇنغان لىرىكىلىرى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ كۆپ قىرلىق كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جەلپكار ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ «ھالقىش» ، «ئادەم دېگەن بۈيۈك نامدا ئاتالدىم» ، «ھاياتلىق ناخشىسى» ناملىق ھېكايە، شېئىرلىرى ھەققىدە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئوبزور ئېلان قىلىندى.

بۇ توپلامغا ياش شائىر ئۆمەرجان سىدىقنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئىجادىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


ئۆلمەس نام ........................................ 1
سەھرا كىچىسى ........................................ 2
تەنھا روھ ........................................ 4
سېنى دىلدىن سۆيگەنتىم بىراق ........................ 7
قايتا سەندىن تىلەيمەن سۆيگۈ ........................ 8
گۈگۈمدا ........................................ 9
نابۇت بولغان سۆيگۈ ........................................ 10
ئارمان ........................................ 12
تىكەنلىك گۈل ........................................ 14
سېنى دەيمەن ........................................ 15
سېغىنىش ........................................ 16
پاراللېل سىزىق ........................................ 18
ھايات، پەسىل، قىز ........................................ 19
ئاداققى كۈتۈش ........................................ 21
كىرىپ قاپسەن چۈشۈمگە خىرە ........................ 23
ئاھ، ھالىمغا يەتسەڭچۇ جېنىم ........................ 24
ئۇيغۇر قىزى گۈزەل پەرىزات ........................ 25
كۆڭۈل ........................................ 27
سۇۋۇش ........................................ 29
مەكتەپ كىچىسى ........................................ 30
ياشلىق ........................................ 33

بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب ............ 34
مەن ئىلاھ قەلبىڭدە، مەن گويا شەيتان ............ 36
سېنى دەپ ياشىدىم، سېنى دەپ جېنىم............ 38
ئۇز خۇلقۇڭ ھەممىنى ئۆزگەرتتى شۇنداق............ 40
ھالال تەردە ياشايدۇ دېھقان............................ 41
بەختىڭنى تىلەيمەن سېغىنىپ ئەركەم............... 43
تەنھالىق ........................................ 45
خىلۋەتتىكى ناتونۇش بۇلاق............................ 50
باھار ........................................ 51
ئادەم دېگەن بۇيۈك نامدا ئاتالدىم ................... 52
چاقماقلار ئىچرە ماڭا ئاقار قېنىڭ................... 55
ئانا دەرەخ ........................................ 57
تۇغۇلغان كۇنۇمگە ........................................ 59
ئانا يۇرت ھەر دىلدا ئۆزگە بىر ۋەتەن ............ 61
ساۋاقداشىز يۇرگەن جايىم زىندان ئىكەن ......... 63
گۇلگە تولدى يوللىرىڭ پەۋەس ...................... 64
باغرىمغا يىقىلغىن سۆيۇملۇك لالەم ................. 66
ئەجەل دەرۋازىسى ........................................ 68
كەيپىلىك قىسسىسى ........................................ 71
گۇلسىز بېكەت ........................................ 75
سوغا قىلغىن بىر تامچە ئەجەل ..................... 77
مىسكىنلىكىم ئەيلىدى پەرۋاز ........................ 78
قۇرۇغان ئېقىن ........................................ 79
سەن خەلقىم قەلبىدە يىقىلماس مۇنار............... 81
مۇھەررىر........................................ 83
غۇۋا شەھەر ........................................ 85

ئانامغا ........................................ 87
يۇرەكلەر بەرگىدىن تامچىلار پىغان................ 88
كارىز ........................................ 90
ئانامنى ياد ئېتىپ .............................. 91
مېھنەت كۆيى ياسايدۇ خامان ...................... 94
يۈرىكىڭلار نۇرغا تولسۇن ئىلىمدىن ................ 96
روھ كومزىكىگە قۇيدۇم شارابنى ................... 97
قىز كۆكسىدە تۇغۇلىدۇ ئاداققى نەپرەت.............. 98
ئوربىتا ........................................ 99
ئازابنى بەر ................................... 100
مەغلۇپلۇق ...................................... 102
يارىماس ئادەم ................................. 103
خىيال بوشلۇقۇمدا بىر قىز ...................... 105
سۆيگۈ ھالاكىتى ................................ 106
تاش ........................................... 108
قۇرۇغان گۈل ................................... 110
ۋىسالسىز سېنتەبىر .............................. 111
سۆيگۈ قەپىسى ................................... 113
ئازابلىق ئۇچرىشىش ............................. 114
كەلگۈسىڭدىن سىناق ئالار ھەر داۋان ............... 116
جىمجىتلىق ..................................... 117
ئايال .......................................... 120
مىسكىنلىك جەۋلانى ............................. 122
تۇننى سېغىنىش ................................. 123
روھ قۇشى ...................................... 124
زېرىكىش ....................................... 125

پۇتمىش چۇقانى ........................ 126
قىسمەتكە سىڭىش ........................ 129
شاھ بولغان شائىر ........................ 130
شەيتان بەزمىسى ........................ 132
كۆتۈش ........................ 133
مەيلى شەيتان بولاي ئۆنتۈپ كۆلكىنى ........................ 134
ساخاۋەت ........................ 135
سەھرادىكى مۇئەللىم ........................ 136
ياشنىسۇن مېھنەت ........................ 137
سەنئەت ........................ 138
پۇتبول بىلەن ياشنايدۇ ھايات ........................ 139
گۈل مەركىزىدە بۇلبۇل يۈرىكى ........................ 140
قەلبىمىزنىڭ تۆرىدە ئۇستاز ........................ 141
قۇياشقا يېپىلغان ياش (لىرىك داستان) ........................ 143
ھايات ناخشىسى (لىرىك داستان) ........................ 150

# ئۆلمەس نام

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاپاتىنىڭ 56 يىللىقىغا)

ئىدىقۇت كۆكىدىن ئۆچتى بىر چولپان،
ئاسماننى قاپلىدى قاپقارا تۇمان.
ئەل يىغلاپ غەزەپتىن يېرىلدى تاغلار،
ھەسرەتكە تولدىغۇ يۈرەكلەر شۇئان.

قولىدا زەر قەلەم، يۈرىكىدە شېئىر،
ياۋلارغا ئوت ئاچقان ئۇ باتۇر ئوغلان.
ئەزىزلەپ خەلقىنى ئەزىز جېنىدىن،
ئەركچۈن، ھۆرلۈكچۈن جان پىدا قىلغان.

قەلبىدىن ئۇرغۇتۇپ ئەلگە مۇھەببەت،
ئۇ دېگەن توختىماي «ئويغانغىن، ئويغان».
ئۇ ئوتلۇق يۈرەكنى ئېلىپ قولىغا،
قاراڭغۇ كېچىنى كۈندەك يورۇتقان.

شۇ سەۋەب رەقىبلەر ئەيلىدى تۇتقۇن،
ياش ئىدى، كۆز يۇمدى غالىب قەھرىمان.
پاك جىسمى تۇپراقتا ياتقان بىلەنمۇ،
بىز بىلەن ياشايدۇ روھى ھەر زامان!

1989-يىل يانۋار، قەشقەر

# سەھرا كېچىسى

قونۇۋاپتۇ دەرەخ ئۈچىغا،
ئوماق كۆلۈپ، ئاپئاق تولۇنئاي.
مەن ياتىمەن ئۆگزىدە تەنھا،
ياز كېچىسى زەپ گۈزەل «ئاي-ھاي!».

مەيىن شامال ئۆتكەندە سۆيۈپ،
شىۋىرلىشار مۈگدىشىپ ياپراق.
يۇلتۇز بىرە ئوينايدۇ كۆچۈپ،
ئايدىڭ كېچە سۈت كەبى ئاپئاق.

تىنجىق ئىسسىق جىنىدىن ئۆتۈپ،
يۆتىلىدۇ ھاسىراپ بوۋاي.
نەۋرىسىنى بەز لەپ كۈتۈپ،
«ئەللەي بالام» ئېيتىدۇ موماي.

كەتمىنىنى ئوينىتىپ يىگىت،
يەر سۇغىرار «ئاچىل» غا توۋلاپ.
يىڭى كېلىن ھۇجرىدا تىت-تىت،
«قاچان قايتار» دىگەننى ئويلاپ.

تېنەپ بارار قونالغۇغا ئاي،
نەزەر سېلىپ ياتىمەن تەنھا.

شوْنداق گوْزەل، سۆيۈملۈك ئاي-ھاي،
مەن توْغۇلغان بۇ ئانا سەھرا.

1989-يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر

# تەنها روھ

قەلبىم قۇرۇق (بوش قالغان ئۆيدەك) ،
ئۇندا ئىدىڭ سەنلا ھۆكۈمران.
ياش تۆكىمەن (ھەسرەتلىك كۈيدەك) ،
ياش بىلەن تەڭ تامچىلىتىپ قان.

روھىم يۈرەر دالىدا تەنها،
ياپراقلارغا پىچىرلاپ غەمكىن.
يۈرىكىمدە بار ئىدىڭ سەنلا،
قاراشلىرىڭ ئىغىر ۋە تەمكىن.

گىرە سىلىپ تۇرساڭمۇ ماڭا،
بوش ئۆي كەبى قۇپقۇرۇق قەلبىم.
چىن ئىشقىمنى بەرسەممۇ ساڭا،
تاپالمىدىم ئاراملىق، تەسكىن.

«بىر سىنىلا سۆيىمەن چەكسىز» ،
ۋەدە بەردىم ياش تۆكۈپ ساڭا.
ئاھ، يىغامنى بىلمىدىڭ شەكسىز،
روھىم قىلدى ئاسىيلىق ماڭا.

سۆيۈش نىمە، سۆيۈلۈش نىمە،
بىرلىكى ئۇ روھ بىلەن تەننىڭ.

(مېنى ھەرگىز ۋىجدانسىز دېمە) ،
بولۇپ قالدىم بۆشۈكى غەمنىڭ.

ئاسىي روھىم يۇرەر مەنسىمان،
دالىلاردا ياش تۆكۈپ ئۈنسىز.
دىل بېغىمدا رەڭگا رەڭ تۇمان،
تېڭىرقاپ مەن قالدىم ئامالسىز.

دالىلاردىن تۇۋلىسام ئۈنى،
جاۋاب بېرەر ئۆكسۈپ، پىچىرلاپ.
ھەر گىياھتىن ئاڭلىنار ئۈنى،
بوش، سېھىرلىك، غەمكىن شىۋىرلاپ.

جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلارمىش توغراق،
تەنھا روھىم ئېيتقان قىسسىنى.
ئوينىتارمىش دەريادا قولۋاق،
ئىزھار قىلىپ مىسكىن ئىشقىنى.

بارخانلاردا تۇنەرمىش يالغۇز،
يېشىل رەڭلىك چۈشلەرنى كۆرۈپ.
چاقىرارمىش كۆز قىسىپ يۇلتۇز،
«سەيلە قىل» دەپ «كۆك پەيزىن سۇرۇپ.»

سۆيۈشلىرىڭ تۇيۇلدى سوغۇق،
كەچۈر مېنى، كەچۈر ئەي ئەركەم.
ھەر تىنىقىم ھەسرەتلىك، ئۇلۇق،
كۈت، روھىمنى ئىزدەپ مەن كەتسەم.

تومۇز ئىسسىق، كۆز يېشىم يامغۇر،
روھىم ئىزدەپ كېلىمەن ھالسىز.
ئېھ، كائىنات روھىمنى قايتۇر،
سۆيگۈم مەۋجۇت بولماس ئۇنىڭسىز.

روھ بىلەن تەن بىرلىكى سۆيگۈ،
كەچۈر مېنى، كەچۈر ئەي ئەركەم.
جۆر بولىمەن ساڭىلا مەڭگۈ،
تەنھا روھنى قايتۇرۇپ كەلسەم.

1991-يىل مارت، قەشقەر

# سېنى دىلدىن سۆيگەنتىم بىراق

سېنى دىلدىن سۆيگەنتىم، بىراق،
قىلالمىدىم قەلبىمنى ئىزھار.
قىينار مېنى ھەر قاچان پىراق،
قارچۇقۇڭغا چۆكەلمەي زىنھار.

سېنى دىلدىن سۆيگەنتىم، بىراق،
بىلمىدىڭغۇ ئىشقىمنى جېنىم.
قوڭۇر رەڭلىك ۋىسالسىز قىرغاق،
كۆز ئالدىڭدا يوقىلار ئىسىم.

1989-يىل ماي، قەشقەر

# قايتا سەندىن تىلەيمەن سۆيگۈ

كەچمىشلەرنى ئۇنتۇماق قىيىن،
پىغان ئىچرە يۈرىمەن نىگار.
ئاغرىنىشلار ماڭا بىر تىيىن،
لېۋىڭدىن مەي ئىچمىسەم بىكار.

كەچمىشلەرنى ئۇنتۇماق قىيىن،
دىگەنتىڭغۇ ئۆزۈڭمۇ شۇنداق.
ئۇنۇتتۇڭمۇ بۇ سۆزنى كېيىن،
ئەمدى «ئۇنۇت» دېگىنىڭ قانداق؟

كەچمىشلەرنى ئۇنتۇماق قىيىن،
ئۇنتالماسمەن ئاھ، سېنى مەڭگۈ.
ۋىسالىڭغا تەلمۈرۈپ دىلدىن،
قايتا سەندىن تىلەيمەن سۆيگۈ.

1989-يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر

# گۈگۈمدا

نەۋرىسىنى چاقىرار بوۋاي،
شەپەق مۆككەن گۈگۈمغا قاراپ.
دەريا تامان تەلمۈرەر موماي،
ئەنسىرەشتە چېكىپ ئىزتىراپ.

قىيغاتقانچە كېلىدۇ نەۋرە،
يۈزلىرىگە چاپلىشىپ لاي.
سىياقىنى يوقاتقان، شۇ تاپ،
ئوخشىغان ئۇ، ھەيكەلگە
«ئاي-ھاي»

تۇرۇلىدۇ بوۋاينىڭ چېھرى،
نەۋرىسىنى كۆرۈپ بۇ ھالدا.
تۇتۇق بەرمەس بوۋايغا بالا،
قىلىقىلىپ مومايىنى دالدا.

قۇچىقىغا ئېلىپ بالىنى،
لاي يۈزىگە سۆيەر مومىسى.
تۇرۇپ قالار ئىشىك تۈۋىدە،
نىمىنىدۇر ئويلاپ بوۋىسى.

1989-يىل، قەشقەر

# نابۇت بولغان سۆيگۈ

كۆكرىكىمدە تۆرەلگەن بىر ھېس،
تۇغۇپ قويدى ئەجەب بىر تۇيغۇ.
خىياللىرىم ئېرىشكەن قانات،
ھارام قىلدى كۆپ قېتىم ئۇيقۇ.

چۈشلىرىمدىن تامچىغان خىيال،
مەپتۇن قىلدى ئارزۇلىرىمنى.
دېرىزەڭدىن ئاڭلانغان رويال،
چېچىۋەتتى ماۋزۇلىرىمنى.

بۆسۈلۈپ ئاھ، بۇرۇنقى قامال،
نابۇت قىلدى سۆيگۈ ناخشامنى.
غەزىپىمدىن ئۇركۈگەن ئامال،
ئۇنتۇلدۇردى تاتلىق ئاخشامنى.

كۆزلىرىمگە سانجىلغان قىلىق،
سەسكەندۈردى مەجرۇھ دىلىمنى.
ئارزۇيۇمغا دەسسىگەن «سىلىق»،
قىسقا قىلدى گاداي تىلىمنى.

دىل بېغىمدا ئۈنگەن يۇمران بىخ،
شۇم قولۇڭدا بولدى ئاھ نابۇت.

يېتىلمەيلا ئۇسۇۋېلىپ مىخ،
ئۆز ئىلكىگە ئالدىڭغۇ تاۋۇت!؟

1989-يىل، قەشقەر

# ئارمان

سەھەر
تېخى قۇياش چىقمىغان،
كۆل بويىدا تۇرار بىر بالا.
سۇغا قاراپ ئولتۇرار ئۇ جىم،
كۆرگەن چۇشى قالغاندەك چالا.

كۆل بويىدا ئولتۇرار بالا،
(يەتتە ياشتا بولسا كېرەك ئۇ).
شۇنچە سەھەر تۇرۇپتۇ ئەجەپ،
ئويلىغىنى زادى نېمىدۇ؟

ئوماق چېھرى پاكلىقتا شاھىت،
سېھىرلىك نۇر چاقنار كۆزىدە.
ئۆز ئورنىدىن قوزغالماس پەقەت،
قەغەز قېيىق كۆلنىڭ يۈزىدە.

تۇمان يېرىپ يۈز ئاچتى قۇياش،
كۆل يۈزىگە قىزغۇچ رەڭ بېرىپ.
تۇردى بالا ئورنىدىن ئاستا،
قالغاچ ئۇنىڭ كۆزلىرى تېلىپ.

ئاخىرقى رەت قاراپ «قېيىق» قا،
كەتتى كۆلنىڭ بېشىدىن بالا.
نېمىلەرنى ئويلىدىكىن ئۇ،
قالغانمىكىن چۈشلىرى چالا؟!

1989-يىل، قەشقەر

# تىكەنلىك گۈل

جۈپ كۆزلىرىڭ گويا يالقۇن - ئوت،
كۆيدۈرىدۇ تىنماستىن مېنى.
لەۋلىرىڭدە ماڭا شاراب تۇت،
تەلمۈرۈشتە كۈتمەن سېنى.

ئاھ، لەۋلىرىڭ گويا يالقۇن - ئوت،
ھەر سۆيگەندە بولدۇم كۆيۈپ كۈل.
تالاي ئۆلۈپ بولدۇم تەۋەللۇت،
ئازاب، لەززەت، ئاھ، تىكەنلىك گۈل.

1989-يىل، قەشقەر

# سېنى دەيمەن

(بايرونغا تەقلىد)

«كۆردۇم يىغلاپ تۇرغىنىڭنى — يالتىرايتتى ياش»،
تولۇپ بۇلاق، شەھلا كۆزۈڭ چاناقلىرىغا.
ئازابلاندىم، ھەسرەت ئىچرە ساڭگىلىدى باش،
چىدالمىدىم شۇ ياشلارنىڭ چاقناشلىرىغا.
قىينىمىغىن جېنىم مېنى، يىغلىما قاراقاش،
بەرداش بەرگىن، جۇدالىقنىڭ پىراقلىرىغا.

كۆرگەنىدىم كۈلگىنىڭنى — كۈلگەنتى قۇياش،
تولۇنئايدەك بەرنا يۈزۈڭ زىناقلىرىدا.
خۇشاللاندىم ئەمەسمۇ بۇ ئالەمچە ئاياش،
ئوت تۇتاشتى ئۆچكەن سۆيگۈ چىراغلىرىغا.
سېنى دەيمەن بىر ئۆزۈمگە مەڭگۈلۈك قاياش،
چىداش بەرگەچ مۇھەببەتنىڭ سىناقلىرىغا.

1990-يىل، قەشقەر

# سېغىنىش

ھىجران يۇتۇپ كېلەتتىم يالغۇز،
كەچمىشلەرنى سېغىنىپ ئەركەم.
چاقنار ئىدى كۆكتە بىر يۇلتۇز،
تۇن قوينىغا چۆككەندە مەلەم.

تىنىقىمدىن چاچرىتىپ يالقۇن،
كېزەر ئىدىم دالىنى ھالسىز.
قەلبىم يىغلاپ ياسايتتى دولقۇن،
توۋلار ئىدىم ئىسمىڭنى سانسىز.

مەن تېۋىنگەن مىسكىن چىرايىڭ،
كۆز ئالدىمدا بولاتتى زاھىر.
چۈشلىرىمنى قىيناپ سىمايىڭ،
بولۇپ قالدىم يىغلاڭغۇ شائىر.

كۆزۈڭدە ياش، ۋۇجۇدۇڭدا مۇڭ،
نۇر ئىچىدىن چىقاتتىڭ ئۇزاپ.
گىرە سېلىپ بوينۇمغا قولۇڭ،
ئولتۇراتتىڭ غەمكىن شىۋىرلاپ...

شېرىن چۈشلەر كەتتى بۇزۇلۇپ،
ۋىسال ئىزلەپ كېلىمەن تەنھا.

تۈن يورۇدى شەرق بوزۇرۇپ،
«نۇر ئىلكىدە يۈيۈنار سەھرا» . . .

1990-يىل، قەشقەر

# پاراللېل سىزىق

مەن سېنى سۆيمىدىم، سۆيمەسمەن مەڭگۈ،
سەنمۇ ھەم سۆيمىگەن، سۆيمەسمەن ئەبەد.
بىز شۇنداق تۇتاشماس پاراللېل سىزىق،
دىللاردا قېپقالغان ئاداققى نەپرەت.

ئىككىمىز تۇتاشماس پاراللېل سىزىق،
سەن ماڭا، مەن ساڭا قىلمىدۇق شەپقەت.
ئىككىمىز چېپىشتۇق يول بەرمەي شۇنداق،
مەن سەندىن، سەن مەندىن كۆتمىدۇق لەززەت.

نىھايەت ئاھ، بۈگۈن مۇشۇ دەقىقە،
ئاجايىپ ئەھۋالدا قالدۇق قارىشىپ.
ئادەملىك تەبىئەت ئىكەن غەلىتە،
جۈپ رەقىب بىردىنلا قالدۇق يارىشىپ.

سەن ماڭا، مەن ساڭا تاشلىنىپ شۇئان،
جۇپلەشتى چاڭقىغان، نەپرەتلىك لەۋلەر.
پاراللېل سىزىقلار تۇتاشتى ئاي-ھاي،
ئۇنتۇلدى دىللاردىن قىساسكار سۆزلەر.

1990-يىل، قەشقەر

# ھايات، پەسىل، قىز

رەڭدار گۈگۈم، ئالمىلىق باغ، تاش ئورۇندۇق،
ئولتۇرىدۇ ئورۇندۇقتا ئۈچ قىز يېقىن.
بەرنا يۈزلەر بىر-بىرىدىن رەڭ تالاشقان،
دوستلۇق ھېسسى يۈرەكلەردە ياسار ئېقىن.

ھەر توپ ئالما تاۋۇس كەبى ياسانغان ئۆز،
چېچەكلەردىن شېرىن پۇراق كېلەر خۇشبۇي.
باغ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلەر قىزلار،
قەدىناسلار بىر-بىرىدىن گۈزەل، خۇشخۇي.

※ ※

رەڭدار گۈگۈم، ئالمىلىق باغ، تاش ئورۇندۇق،
قىز مەڭزىدەك پىشقان قىزىل، ئاق ئالمىلار.
ئىككى قىزچاق ئولتۇرىدۇ غەمگە چۆكۈپ،
بۇزالمايدۇ دىققىتىنى شوخ بالىلار.

كۆرۈنمەيدۇ بۇ دوستلارنىڭ بىر ھەمرىيى،
ئىككى قىزمۇ ئولتۇرىدۇ تىڭشىسىز، جىم.
بىرە-بىرە قىمىرلىشار ئۆھ تارتىشىپ،
بۇزدىمىكىن بۇ دوستلۇقنى يا بىرەركىم؟

※ ※

رەڭدار گۈگۈم، ئالمىلىق باغ، تاش ئورۇندۇق،
سارغۇچ ياپراق دەرەخلەردىن چۈشەر ھەريان.
بەڭۋاش شامال ئوييناپ يۈرەر باغ ئىچىدە،
ئولتۇرار قىز قېتىپ جىمجىت ھەيكەلسىمان.

چاقناپ تۇرار كىرپىكلەردە شەبنەمچە ياش،
سۇلغۇن چېھرى غازاڭلاردىن ئالغان ئەندىز.
يېگانىلىك نازۇك دىلغا پېتىپ بۇندا،
بىر ئازابقا بۆلەنگەنچە ئولتۇرار قىز.

※ ※

رەڭدار گۈگۈم، ئالمىلىق باغ، تاش ئورۇندۇق،
ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەن كەڭ كائىنات.
كۆلكە چاقچاق، خىيال سۈرۈش... يىتكەن
تامام،
كېزەر سۈكۈت باغ ئىچىدە سۆرەپ قانات.

ئۆچۈپ ئىزلار تاش ئورۇندۇق قاپتۇ تەنھا،
لەيلەپ يۈرەر بۇندا ئۆتمۈش، ئاچچىق ھىجران.
چۈشەپ قالار ئالمىلىق باغ كەچمىشلەرنى،
ئۇچقاندۇ ئاھ، بەرنا قىزلار قاياق تامان...؟

1990-يىل، قەشقەر

## ئاداققى كۆتۈش

غېرىب ئۆگزە، يېگانە موماي،
ئولتۇرىدۇ خىيالغا چۆكۈپ.
كۈتىدۇ ئۇ بىركىمنى جىمجىت،
ھەسرەت بىلەن ئۈنسىز ياش تۆكۈپ.

ئولتۇرىدۇ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ،
ئېغىر-ئېغىر تىنىدۇ گاھى.
قوزغالماس تا تاڭدىن كەچكىچە،
توختىمايدۇ ھەسرەتلىك ئاھى.

سايىۋەن قىپ قولىنى بەزى،
تىكىلىدۇ يىراق ئۇپۇققا.
ئاھ ئۇرغانچە قوزغىلار، زېمىن —
پۈركەنگەندە قىزىل يوپۇققا.

كۈتەر موماي ئاشۇ تەرىزدە،
بىر ئىسىمنى زىكىر قىپ مەڭگۈ.
ۋىسالىغا يېتەرمۇ ئاخىر،
ئۇ تەلمۈرگەن ئاداققى سۆيگۈ.

※ ※

غىچىرلىتىپ شوتىنى، سەھەر —
ئۆگزىسىگە يامىشار موماي.
كېپ قالارمۇ بوگۈن، ئاھ، ئۇنىڭ —
تەشنا بولغان يىگىتى — بوۋاي.

1990-يىل، قەشقەر

# كىرىپ قاپسەن چۈشۈمگە خىرە

كىرىپ قاپسەن چۈشۈمگە ئاخشام،
ئاھ، سېلىپسەن بوينۇمغا گىرە.
كۆرەلمىدىم چېھرىڭنى ئېنىق،
ئەركىلىشىڭ بەك سۇس، بەك خىرە.

ئايرىلغىلى بولدى بەك ئۇزاق،
كىرىپ قاپسەن چۈشۈمگە خىرە.
سەن نېمىلەر ئويلايسەن، مەنمۇ -
كىرىپ قالسام چۈشۈڭگە بىرە.

1990-يىل نويابىر، قەشقەر

# ئاھ، ھالىمغا يەتسەڭچۇ جىنىم

كۆرەلمەيسەن كۆزلىرىمدە ياش،
لېكىن، ئۇنىسىز يىغلايدۇ دىلىم.
قويمايسەن يا كۆكرىكىمگە باش،
سۆزگە كەلمەس تەڭلىكتە تىلىم.

كۆرەلمەيسەن كۆزلىرىمدە ياش،
لېكىن، تەۋرەپ ئۆركەشلەر قېنىم.
بولۇپ سېخىي ھاتەمگە ئوخشاش،
ئاھ، ھالىمغا يەتسەڭچۇ جىنىم.

1990-يىل، قەشقەر

# ئۇيغۇر قىزى گۈزەل پەرىزات

ئۇيغۇر قىزى گۈزەل پەرىزات،
بىر كۆرگەننى قىلىدۇ بىھۇش.
ئۇنىڭ بىلەن گۈزەلدۇر ھايات،
ئۇنىڭ بىلەن لەزىزدۇر تۇرمۇش.

ئاق سەدەپتەك ئۇنچە چىشلىرى،
مىڭ يىگىتنى قىلىدۇ ئەسىر.
لەۋلىرىگە يىغىلغان قېنى،
ئوتلۇق كۆزى مۇقەددەس قەسىر.

قۇندۇز چېچى ئوينار يەلكىدە،
قېشى قارا، كىرپىكى ئۇزۇن.
گۈل بەرگىدىن ئاققان تەرىزدە،
ئاق يۈزىگە ياراشقان بۇرۇن.

ھەرىكەتلىرى بىغۇبار ئوماق،
زىلۋا بويى گويا مەجنۇنتال.
چىن ئاۋازى كۈمۈش قوڭغۇراق،
خوپ ياراشقان ئېڭىكىدە خال.

ھەر كۈلگەندە تۇغۇلغان زىناق،
شۇئان قىلار ئەقىللەرنى لال.

مەسۇم چىراي (گويا كى بوۋاق) ،
ئەيمەندۈرەر ئاددەمنى دەرھال.

پارلاپ تۇرار چېھرىدە كۈلكە،
تىنىقىدىن پۇرايدۇ غۇرۇر.
كەمتەرلىكى ھەممىگە ئۈلگە،
مېڭىشلىرى ئەۋرىشىم، غەيۇر.

ھارارەتلىك قوللىرى ئاپئاق،
تەگكەن جايىنى كۆيدۈرەر شۇئان.
تالاي يىگىت بولغاچقا مۇشتاق،
كېتەلمەيدۇ ئايلىنىپ ھامان.

ئۇيغۇر قىزى گۈزەل پەرىزات،
تۆرەلدىڭسەن ئالەمگە قانداق؟
سېھرىي كۈچۈڭ بولدى ماڭا ياد،
قايسى مەردكە بولارسەن ئورتاق!؟

1990-يىل، قەشقەر

# كۆڭۈل

1

يۈرىكىمدە مەۋجۇت بىر دۇنيا،
ئۇندا ياشار پەقەت بىر ئادەم.
قارچۇقۇمدىن قۇيۇلۇپ دەريا،
شۇ ئادەمگە تۇتىدۇ ماتەم.

2

يۈرىكىمدە مەۋجۇت بىر دۇنيا،
ئۇندا ياشار كۆپلىگەن ئادەم.
قارچۇقۇمدىن قۇيۇلۇپ دەريا،
ئىچ ئاغرىتار بولۇپ بىر ھاتەم.

3

يۈرىكىمدە مەۋجۇت بىر دۇنيا،
ئۇندا قالغان نۇرغۇن غۇۋا ئىز.

قارچۇقۇمدىن قۇيۇلۇپ دەريا،
ھەسرەت چېكەر پىغانلىق ئۈنسىز.

1990-يىل ئاپرېل، قەشقەر

# سوۋۇش

سوغۇق قەلب، سوغۇق قارىچۇق، سوغۇق كۆلكە،
مەجرۇھ يۈرەك قېتىپ كەتكەن بولۇپ بىر تاش.
دۇنيايىمدا ئويناپ يۈرەر بىر شۇم تۈلكە،
كۆزلىرىمگە مەڭگۈ ياتتۇر بىر قەترە ياش.

سوغۇق سۆيۈش، سوغۇق تىنىق، سوغۇق ۋەدە،
دۇنيايىمدا ئىگىلىگەن قىش-زىمىستان.
قاچانغىچە داۋاملىشار مۇشۇ پەدە،
مەسۇم قىزنىڭ ھەر ئاھىدىن تامچىلار قان.

1990-يىل ئاپرېل، قەشقەر

# مەكتەپ كېچىسى

ئاق چېچەك، قىزغۇچ چېچەك، ھال رەڭ چېچەك،
چېچەكلەر ھەممىتىدىن ياسانغان باغ.
قۇشقاچلار شاخ ئۈستىدە ئېيتار چۆچەك،
قۇياشنى ئۆز قوينىغا ئالغاندا تاغ.

قوڭغۇراق چېلىنغاندا ئۇزۇك-ئۇزۇك،
ۋاقىتنىڭ توشقىنىنى بايقىشىدۇ.
ستۇدېنت قەلبى ئويناق، چېھرى سۇزۇك،
شوخ كۈلۈپ ياتاقلارغا قايتىشىدۇ.

تۈن كېچە ئۆز تونىنى ياپتى ئاستا،
قارىيىپ كۆرۈنىدۇ ئانا مەكتەپ.
ئارچىلار قاراۋۇلدەك مەزمۇت تۇرار،
ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشنى جىمجىت ئەسلەپ.

يۇزلەرنى سۆيۈپ ئۆتسە مەيىن شامال،
ياپراقلار چاۋاك چېلىپ شىلدىرلايدۇ.
ئۇسسۇلغا چۈشسە لەرزان بۇك مەجنۇنتال،
گىياھلار ئاستاغىنا شىۋىرلايدۇ.

مەستخۇش ھىد تارقىتىدۇ رەڭدار چېچەك،
ئاي نۇرى ياپراقلاردا جىمىرلايدۇ.
سۇر بۇلۇت تولۇن ئايغا ياپسا ئېتەك،
جۇپ گەۋدە ئۇنسىز، يېنىك قىمىرلايدۇ.

پىلىلداپ نۇر چاچىدۇ قىزغۇچ چىراغ،
كەسكەندەك قىلىچ تۈننى قالدۇرۇپ ئىز.
ئۆگىنەر كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ يىراق،
كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ستۇدېنت قىز.

چىملىقتىن ئورۇن ئالغان شوخ بۇدۇر چاچ،
زوق بىلەن ئېغىز گارمۇن سايرىتىدۇ.
«مەست بالاڭ كەلدى ئانا ئىشىكنى ئاچ»،
شاد ناخشا يىگىتلەرنى يايرىتىدۇ.

ياش تۆكسە باغدا گىتار تارام-تارام،
قارا كۆز كارىۋىتىدا ئىڭرايدۇ.
مىسكىن كۆي مەجرۇھ دىلنى قىلىدۇ رام،
بەرنا قىز يولدا توختاپ تىڭىرقايدۇ.

رۇجەكلەر نۇر تۆكىدۇ سۇزۇك، ئاپئاق،
بۇ قاتار بىنالارنىڭ كۆزلىرىدەك.
ئاڭلىنار ھەر ياتاقتىن كۈلكە - چاقچاق،
قەلبى شاد ستۇدېنتنىڭ سۆزلىرىدەك.

شوخ كۆلكە، خۇشال ناخشا، جۇشقۇن ھايات،
پۈرايدۇ ھەر تىنىقتىن ئىلمۇ-ئىرپان.
بېرىدۇ ھەر بىر ياشقا ئۇچقۇر قانات،
مىللىتىم غۇرۇر شانى بۇ ھۆر ماكان.

1990-يىل، قەشقەر

# ياشلىق

ياشلىق دېمەك، ئالتۇن دەۋرى ئىنساننىڭ،
ھەر نەرسىدىن ئارتۇق ئۇنىڭ قىممىتى.
ئۆگەنمەستىن ۋاقىت زايە قىلغاننىڭ،
شادلىقىدىن كۆپ بولىدۇ ھەسرىتى.

ياشلىق دېمەك، ئۇ ھاياتنىڭ باھارى،
چىدام، غۇرۇر شۇ باھارنىڭ زىننىتى.
ئۇزمىسە كىم بەيگىدە ئەل قاتارى،
بولماس ئۇنىڭ ئادىمىلىك ئىززىتى.

ياشلىق — بەكمۇ قىسقا چاقماق چاقناندەك،
«يالت» قىلىپلا دەرھال يېنىپ ئۆچىدۇ.
ئېرىقتا سۇ تۇيدۇرماستىن ئاققاندەك،
ياشلىق تېزلا قېرىلىققا كۆچىدۇ.

شۇڭا دوستۇم ياشلىقىڭنى قەدىرلە،
بېزەك تاقا ئىجادتىن يىل بويىغا.
تۇزكور بولما ئۆز خەلقىڭنى قەدىرلە،
ھالال تەر تۆك ئانا يۇرتۇڭ قوينىغا.

1991-يىل نويابىر، قەشقەر

# بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب

ئۇمىدسىز كۇتەتتىم، سىغىنىپ سېنى،
بىلەتتىم سەن چوقۇم كېلەتتىڭ، بىراق.
قەلبىڭدىن ئەزىزلەپ سۆيەتتىڭ مېنى،
ۋە لېكىن سۆيۈشۈڭ تۇيۇلار سوغۇق.

يۈركىم تىترەيتتى چېكىپ ئىزتىراپ،
كۆزۈڭدە ئۇچقۇنداپ قالغاندا كۇلەش.
كەينىڭدىن قالاتتىم تەلمۈرۈپ قاراپ،
كېتەتتىڭ قالدۇرۇپ بىر تالاي ئۇندەش.

لېۋىڭدە ئوينايتتى ئەسەبىي كۇلكە،
ياڭرايتتى ھەر جايدا سېھرى ئاۋازىڭ.
قورقاتتىم ئىچىڭدە يۈرگەندەك تۇلكە،
شۇنچىلىك ياسالما بىلىنگەچ نازىڭ.

نەپرەتتە تەلمۈرۈپ قارايتتىم ئۇزاق،
شامالدەك ئۆتەتتىڭ يېنىمدىن مەغرۇر.
بەزىدە ياش تۆكۈپ قالاتتىڭ، ئوماق،
سېزەتتىم قەلبىمدە ئالەمچە ھۇزۇر.

كۆزۈڭدە لىغىرلاپ تۇرسىمۇ قەترە،
لېۋىڭدە ئوينايتتى ئاچچىق تەبەسسۇم.
ئەۋرىشىم قامىتىڭ گوياكى ئەترە،
ۋۇجۇدۇڭ بوۋاقتەك بىغۇبار، مەسۇم.

گۈل سۇپەت بويۇڭدىن ئىزدەيتتىم ئېۋەن،
گاھىدا ئۆچلۈكۈم كېلەتتى ساڭا.
ئازابقا سالاتتىڭ، قىلمايتتىڭ ئېرەن،
پەرۋاسىز كۆز تاشلاپ قوياتتىڭ ماڭا.

بىلەتتىم دىلىڭدىن سۆيەتتىڭ مېنى،
ۋە لېكىن ئىشقىڭنى قىلمايتتىڭ ئىزهار.
مەغرۇرلۇق شۇنچە ئۇز قىلغانتى سېنى،
سەمىمىي تۇرقۇڭنى كۆرمىدىم زىنهار.

چاڭقىغان يۈرىكىم تامچىلىتار قان،
ئاھ، مېنىڭ باغرى تاش ئوماق پەرىشتەم.
قەلبىمنى ئورايدۇ ئازابلىق تۇمان،
خارلانغاچ ئالدىڭدا مىسكىن ئەقىدەم.

1991-يىل، قەشقەر

# مەن ئىلاھ قەلبىڭدە، مەن گويا شەيتان

مەن گويا قىرتاق سۇ بوغۇزۇڭدىكى،
ئازابلاپ تىنىڭنى، بەرمەيمەن تىنىم.
— مىسترال

مەيلى سۆي مىنى سەن ياكى نەپرەتلەن،
قەلبىڭدە سايىدەك كەلدىم ئەگىشىپ.
مەيلى كۈل شادلىنىپ، ياكى ھەسرەتلەن،
مەن ئۆچۈن تىترەيسەن يۈرىكىڭ سىلىپ.

بەڭۋاش، دەپ تىللىغىن ياكى تاشلاپ كەت،
كەينىمدىن قاغىغىن مەيلى داد ئېيتىپ.
كۈچىگىن ئۇنتاي دەپ، مىنى تەرك ئەت،
كىلىمەن مىخ كەبى جىنىڭغا پېتىپ.

ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگە كىرىمەن رەت-رەت،
شىكەستە دىلىڭغا بەرمەيمەن ئارام.
قەلبىڭدە مەڭگۈلۈك مەن بار، مەن پەقەت،
«بەختلىك» كۈنۈڭنى قىلىمەن ھارام.

مەن ئىلاھ قەلبىڭدە، مەن گويا شەيتان،
چىرايلىق مېڭىڭدەك چاپلاشقان ساڭا.
بىر مېنىڭ ئىشقىمدا سەن مەڭگۈ سەرسان،
ئاداققى تىنىقىڭ مەنسۇپتۇر ماڭا.

1991-يىل، قەشقەر

# سېنى دەپ ياشىدىم، سېنى دەپ جېنىم

سېنى دەپ ياشىدىم، سېنى دەپ جېنىم،
سېنى دەپ ئاتالدىم قىلىقسىز، بىئار.
سەن ئۈچۈن ياپراقتەك تىترىدى تېنىم،
سەن ئۈچۈن مۇڭلىنىپ يىغلاتتىم گىتار.

يۈرىكىڭ تۇپراقمۇ ۋە يا قاتتىق تاش،
چىرايىڭ مۇز گويا سۆيۈشۈڭ سوغۇق.
يوق سەندە قىلچىمۇ كۆيۈنۈش، ئاياش،
(ۋە لېكىن قەلبىمدە سەن يەنە ئۇلۇغ).

سەن ئۈچۈن ھەر مىنۇت تۆكۈلدى يېشىم،
(شۇ ياشلار ئېقىتىپ كېتەتتى سېنى.)
زەھەرگە ئايلاندى ھەر قوشۇق ئېشىم،
بەرگىنىم شۇنچە كۆپ، ئالغىنىم قېنى؟

شۇنچىلىك پەرۋاسىز يۈرىسەن مەغرۇر،
بىر سوغۇق تەبەسسۇم چېھرىڭدە پەقەت.
تۆكۈلەر كۆزۈڭدىن سېھىرلىك بىر نۇر،
ئۆتەمسەن دۇنيادىن سۆيگۈسىز ئەبەت؟

سېنى دەپ ياشىدىم، سېنى دەپ جېنىم،
سېنى دەپ ھېسابسىز تۆلىدىم بەدەل.

قۇرۇغان گۈل كەبى تاتاردى بىتىم،
ۋەسلىڭگە تەلمۈرۈپ كۈتىمەن، بىر كەل. . .

1991-يىل، قەشقەر

# ئۇز خۇلقۇڭ ھەممىنى ئۆزگەرتتى شۇنداق

بىھۇدە قىينىلىپ ئېيتمىغىن ناخشا،
قەلبىڭنى بىلدۇرۇپ يىغلىما يەنە.
ئەگىشىپ كەلمىگىن كەينىمدىن ئاستا،
ئاھ ئۇرۇپ ئۆزۈڭگە قىلمىغىن تەنە.

سەمىمىي سۆيگۈمگە قىلىپ خىيانەت،
چەيلىگەن ئىدىڭغۇ گۇلزارلىق باغنى.
يالۋۇرۇش، كۇتۇشلەر ئەمدى بىھاجەت،
مۇھەببەت كۆتۈرمەس زەررىچە داغنى.

بولدى قوي ئۇچراشساق تەلمۇرۇپ ئۇزاق،
قاپقارا كۆزۈڭدە چاقناتمىغىن ياش.
ئۇز خۇلقۇڭ ھەممىنى ئۆزگەرتتى شۇنداق،
سېنى قىپ ھەسرەتلىك، مېنى باغرى تاش.

1991-يىل، قەشقەر

# هالال تەردە ياشايدۇ دېهقان

تومۇز ئىسسىق، پايانسىز ئېتىز،
چاقماق كەبى يالتىرار كەتمەن.
كۈن تەپتىدە ئالتۇندەك ئېگىز،
يالىلدايدۇ خىرە گىرىمسەن.

شۇڭغۇغاندا ھەر قېتىم شۇ «ئاي»،
يەر كۆكسىگە پاتىدۇ تىرەن.
خۇددى يادەك ئېگىلەر بوۋاي،
قارا تەرگە قىلمايدۇ ئېرەن.

قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ گاھ-گاھ،
ئارام ئالار موخۇركا ئوراپ.
ياشاڭغۇرار كۆزلىرى خىرە،
يۆتىلىدۇ ھەر قېتىم شوراپ.

بىر دان ئۈچۈن ئېگىلەر مىڭ رەت،
بىر تال دانغا سىڭگەن تالاي تەر.
بوز تۇپراقا قىلغاچقا بەيئەت،
كۈتكىنىنى بېرەر ئانا يەر.

پەرزەنت ئۈنىڭ بەختى، شادلىقى،
ئۆز ئۆيىنى بىلىدۇ جەننەت.

ھاياتىنىڭ بولغاچ تاتلىقى،
ئۆنسىز ئىشلەپ قىلمايدۇ مىننەت.

1992-يىل سېنتەبىر، تۇرپان

# بەختىڭنى تىلەيمەن سىغىنىپ ئەركەم

يىقىنلاپ كېلىدۇ زەڭگەر رەڭ قىرغاق،
ئۈمىدلەر چۈش كۆرۈپ ئۇخلايدۇ تاتلىق.
تاتارغان يۈزلىرىڭ، تاتارغان ئاپئاق،
يۈرەككە سانجىلغان ئەسەبىي قىلىق.

قىلىچتەك تېزلىكتە كۆتۈرۈلەر قول،
«چاك» قىلىپ كۆزلەردە چاقنايدۇ بىر ئوت.
مەڭزىدە شۇ هامان بەش بارماق يول-يول،
جۈپ كۆزدە جۈپ قۇياش قىلار تەۋەللۇت.

قىيداش، تۆهمەتلەر ياغىدۇ تەكرار،
غۇر-ۇر دەپ چاقنىغان كۆزگە تىكىلىپ.
يۈرىكىم ئازابتىن دۈپۈلدەپ ئۇرار،
مىسكىنلىك چۆلگە قالدىم يىقىلىپ.

بىر سېنى سۆيىمەن دىلبىرىم ئىشەن،
نەقەدەر ئەسەبىي سەندىكى كۈنلەش.
قولۇمغا كويزا سەن، پۈتۈمغا كىشەن،
گۇناهمۇ مەن ئۈچۈن ئېچىلىش، ئۈنلەش.

قەلبىمدە پۇشايمان قالدى (بوپتىلا)،
ئەپسۇسلۇق ئىچىدە تىنىمەن پات-پات.

قانداقچە ئازابقا بولدۇم مۇپتىلا،
ئاھ ئۇرۇپ پەلەككە قىلىمەن پەرياد.

بىلىمەن سەندە بار كۆيۈنۈش، ئاياش،
بوۋاقتەك بىغۇبار سەمىمىي يۈرەك.
مەن ئازاب چەككەندە تۆككەنندىڭ ياش،
موھتاجلىق كۈنلەردە بولۇپ ھەم يۆلەك.

نىھايەت ھەممىنى ئۆچۈردۈڭ ئۆزۈڭ،
زەھەردەك تىلىڭ ھەم بەڭباش قولۇڭدا.
شۇ سەۋەپ ھەر مىنۇت ياشلاندى كۆزۈڭ،
ئاقىۋەت ئاھ ئۇرۇپ قالدىڭ يولۇڭدا.

سۆيگۈنۈم گۇناھمۇ، سۆيۈلگىنىم ھەم،
ئەجىبا بىر دەقىق تاپمىدىم تەسكىن.
ھاقارەت تۆھمەتلەر ياغىدۇ ھەر دەم،
شۇ قەدەر يالغۇزمەن، شۇ قەدەر مىسكىن.

ئابىدەڭ بار ئىدى قەلبىمدە يۈكسەك،
قىلمىشىڭ دەستىدىن بولدى كۇمپەيكۇم.
تېنىمنى قۇر تىتەك غاجايدۇ ھەسرەت،
قان-ياش ۋە زەردابقا تولغان يۈرىكىم.

كەچمىشلەر كۆڭلۈمدىن كەچسىمۇ بىرە،
خوش دەيمەن بۇرۇنقى ئۇماق پەرىشتەم.
ئوبرازىڭ قەلبىمدە شۇ قەدەر خىرە،
بەختىڭنى تىلەيمەن سىغىنىپ ئەركەم.

1992-يىل مارت، قەشقەر

# تەنھالىق

قاپقارا سىياھتەك قاراڭغۇ كېچە،
بىر يۇرەك كېلىدۇ چاراسلاپ كۆيۈپ.
تۆرىلىپ دۇنياغا دەردكە قانغۇچە،
نېمىشقا تەگرىنى قالدىڭلار سۆيۈپ؟!

جەسەتنىڭ كۆزىدەك قاتقان جۇپ قاراق،
مىخ كەبى تىكىلگەن سۇرەتكە ھالسىز.
نە سۇرەت يالىڭاچ بەدەنلەر ئاپئاق،
يالقۇنلۇق تىنىقنى چاپتۇرار تېز-تېز.

## 1

شەپەق رەڭ مانانغا تويۇنغان كېچە،
سۇكۇنات ئىلكىدە يالتىرار زەئىپ.
ھالسىز پۇتۇمۇ يېتىلىنىپ بۇندا،
كېلىمەن گەۋدەمنى سۆرەپ شىركەيىپ.

قىزارغان كۆزلىرىم تىكىلگەن يەرگە،
غېرىب يول تۇلپاردەك ئۇچىدۇ تېز-تېز.
تال-تال نۇر ئېڭىمدە ئايلىنار زەرگە،
زەر نۇرلار ئىچىدىن چىقىپ كېلەر قىز.

ئاداشقان پۈتلىرىم كوچىنى قاپلار،
ئۈيقۇلۇق شەھەرنىڭ سۈلتانىسىمان.
بۇ مۇدھىش كېچىنى چېكىپ ئويغىتار،
مەست لەۋدىن تۆكۈلگەن يىغلاڭغۇ ھىجران.

زورۇقۇپ نۇر چاچار گىگانت بىر چىراغ،
ئەرۋاھتەك سايەمنى چەكسىز ئۇزارتىپ.
بۇ كەڭرى زېمىندا پەقەت مەنلا تاق،
يۈرىكىم ئازابتىن تىترەيدۇ زەئىپ.

بىھۇشلۇق ئىلكىدە كېلىمەن ساياق،
ناخشامنى بىر ساڭا قىلىپ ئارمىغان.
دائىملىق ھەمراھىم قوينۇمدا ھاراق،
بىر بۆسە ئېلىپ كەل ماڭا ئەي جانان؟!

## 2

دەممۇدەم يېقىنلاپ كېلىدۇ تاملار،
ئويلارغا غەرقمەن، يالغۇز ئولتۇرۇپ.
كاللامغا چىرماشقان زەڭگەررەڭ ئاڭلار،
قىينايدۇ، كۆكسۈمنى دەردكە تولدۇرۇپ.

بىر يوغان ئۈندەشمەن، ئولتۇرغان جىمجىت،
قايغۇلۇق گەۋدەمنى شىرەگە تاشلاپ.
تامچىلار كۆزۈمدىن چەكسىز كۆپ چېكىت،
قەلبىمگە ئۈمىدسىز ۋىسالنى باشلاپ.

تىترەيدۇ قوللىرىم بىر ۋىسال كۈتۈپ،
قەلبىمىم شاھ بۇندا، قەغەز پەرىشتە.
قەلبىمدە سوئاللار كەتتىغۇ يۇتۇپ،
پۇلاڭلار يۇرىكىم ئەنسىز رەۋىشتە.

ياتاقتا جىمجىتلىق ھۇۋۇلايدۇ ئاستا،
شىرىقلاپ ئاڭلىنار قەلبىم تىترىشى.
تۇرىسەن قەغەزدە، مۇمكىنسىز قاشتا،
مەن چۈمگەن كۆزۈڭدە ھىجران تەشۈشى.

ئايلىنىپ يۇرىسەن ياتاقتا لەرزان،
بىردە شوخ جىلمىيىپ، بىردە بوش ئۆكسۈپ.
قولۇمنى سۇنىمەن تۇتقىنىم ھىجران،
ئاھ ئۇرۇپ قالىمەن شۇندا ياش تۆكۈپ.

چاڭقىغان يۇرەكنى كونۇپىرتقا سىلىپ،
ئالدىڭغا ئەۋەتتىم قارا كۆز جانان.
دەلدۈشكە ئايلاندىم يۇرەكسىز قىلىپ،
ۋىسالغا يول باشلاپ كەل، دانكوسىمان!

## 3

كارىۋتىم بېشىدا تۇرار بىر پەرى،
مەھلىيا ئەيلەيدۇ سەدەپتەك كۆكرەك.
تالاي مۇز سۆيۈشتىن ئۆڭگەن يۇزلىرى،
بىردىنلا تېنىمگە سالىدۇ تىترەك.

بۇ سوغۇق ياتاقتا ئىككىمىزلا بار،
ۋە لېكىن سەن بەند تامغا ئەبەدىي.
قايدىسەن كىملەرگە بولغان ئىدىڭ يار،
تۇرىسەن ماڭىلا تەئەللۇق كەبى.

بىر دىنلا رامكىدىن سەكرىدىڭ يەڭگىل،
چىرماشتۇق كارىۋاتتا قىزغا يات ئۇندە.
كىمنىڭدۇر نامىنى تەكرارلىدى تىل،
ئىگرىدىم بىھۇشلا يىغلاڭغۇ تۇندە...

4

ھېلىمۇ يادىمدا ئوتلۇق ئۇپۇشلەر،
مەھلىيا ئەيلەيتتى تەسۋىرسىز خۇلقۇڭ.
يوق ئىدى بۇنچىلىك ئۇزاق كۈتۈشلەر،
ياستۇقۇم بولغانتى ئىپاردەك زۇلفۇڭ.

ۋە لېكىن غۇنچىدەك قەلبىڭنى چەيلەپ،
يەتمىدىم باغرىمدا چېغىڭ قەدرىڭگە.
قوي مېنى ئاداققى قەبرەڭگە بۆلەپ،
«قاغىغىن، لايىقمەن سېنىڭ قەھرىڭگە».

تۇن بويى چۇشۇمگە كىرىسەن رەت-رەت،
ئەۋرىشىم بويۇڭدا ماڭا چىرمىشىپ.
قوينۇمدا سوغ ياستۇق، دىلىمدا ھەسرەت،
ھىجران ۋە ۋىسالىڭ كېتەر مىنگىشىپ.

كېلىدۇ بىر يۈرەك چاراسلاپ كۆيۈپ،
چاڭقىغان قىرغاققا تامچىلىتىپ قان.
نېمىشقا سېنىلا قالغانتىم سۆيۈپ،
تەشنالىق ئىلكىدە تولغىنار بۇ جان.

ئاق كۈلكە ئاستىدا ھۆكۈمران پىراق،
بىر مىسكىن كۆڭۈلدە قىياندەك ئاقار.
ئاھ، تەڭرى ئىنساننى ئازابلا، بىراق
تەنھالىق چۆلىگە تاشلىما زىنھار!!!

1992-يىل دېكابىر، تۇرپان

# خىلۋەتتىكى ناتونۇش بۇلاق

بىر خىلۋەت ئورماندا ناتونۇش بۇلاق،
مەسۇم. قىز كۆزىدەك بىغۇبار، تىنىق.
مىڭ يىللاپ ئۇلتۇرغان ياپيېشىل شۋاق،
رەڭلەر جىلۋىسىگە ھۆكۈمران، ئېنىق.
شامالدار ئازغىنىپ كىرەر ئورمانغا،
ئەۋرىشىم مەجنۇنتال ئىغاڭلار سىلىق.
ھاياتتىن بىر ئۇلۇش نېسىۋە ئىزدەپ،
بۇلاقتا تەمتىرەپ يۈرۈشەر بېلىق.
مۇستەبىت سۈكۈنات ياپقان پەردىنى،
تېنىگەن قۇش ئۈنى يىرتىدۇ ئېنىق.
قايسى بىر رەھىمسىز دەسسىگەن ئوتنى،
ھە، ئەتىر پۇرىقى تارالدى ئىللىق.
بۇزۇلدى بۇلاقنىڭ ئاداققى چۈشى،
يوقالدى ئورماندىن ئەمدى جىمجىتلىق.
چۆچۈتۈپ ئورماننى، بۇلاقنى، ئوتنى،
كىملەردۇر كۈلۈشەر بوش ۋىلىق-ۋىلىق.

1992-يىل، تۇرپان

# باھار

ئويغانغان تەبىئەت تەۋرىنەر ئاستا،
ئېقىنلار مۇزلارنى كېلىدۇ سۆرەپ.
گىياھلار تۆرەلگەن قۇمساڭغۇ قاشتا،
بىر موزاي سۇ ئىچەر يېقىملىق مۆرەپ.

دەرەخلەر مېھرىبان ياش ئانا مىسال،
ھەر شاختا تۇغۇلغان يۇمران كۆك بوۋاق.
گوياكى ئاشىقلار تاپقاندەك ۋىسال،
ئەگىزنى سۆيگەنچە ياتىدۇ شىۋاق.

پۇرايدۇ زېمىندىن كۆكلەمنىڭ ھىدى،
كۆبجىگەن داللار ئىچىشكەچ كەۋسەر.
ۋىچىرلاپ سايرىشىپ كېلىدۇ سەبى،
قارلىغاچ ئالدىراش تارقىتىپ خەۋەر.

يۇمشىغان يەرلەردىن كۆتۈرۈلەر ھور،
مومايلار يۇرۇشەر تېرىشىپ يىلتىز.
ياسانغان شۇ قەدەر چىرايلىق، پوزۇر،
مېھنەتكەش تېۋىنگەن مۇقەددەس ئېتىز.

1993-يىل مارت، تۇرپان

# ئادەم دېگەن بۈيۈك نامدا ئاتالدىم

ئادەم دېگەن بۈيۈك نامدا ئاتالدىم،
يوغان كەلدى بۇ بۈيۈك نام بېشىمغا.
ھىجران، ئازاب توپىسىدىن ياسالدىم،
ئىچ ئاغرىتماس تەڭرى سەلدەك يېشىمغا.

كۆتۈرەلمەي ئادەملىكنى ھالسىراپ،
گاھ چەيلىدىم، گاھ يىقىلدىم مۆدۈرۈپ.
قۇشلار كېلەر كەچمىشىمدىن ھال سوراپ،
بىئامالمەن كەلدىم دەردنى كۆتۈرۈپ.

※ ※

ئادەم ئاتا چۇشۇپ ئىبلىس دامىغا،
نىچۇن جەننەت مېۋىسىنى يەپ قالدىڭ.
چەكسىز ئازاب قۇيۇپ ھايات جامىغا،
ئەۋلادلىرىڭ يۈرىكىگە دەرد سالدىڭ.

سەندىن ئۇدۇم بولۇپ قالدى پۇشايمان،
ئۆكۈنۈشلەر تولۇپ كەتتى زېمىنغا.
ئۆزىمىزنى پەردەزلەيمىز ھەر زامان،
ھۆكۈمراندۇر بىر ئېچىنىش ئېڭىمغا.

※ ※

كائىناتنىڭ گۈزەللىكى پايانسىز،
چېھرىلەردە خۇشال كۈلكە نامايان.
لېكىن تۇرمۇش دەھشەت باسقان چوڭ دېڭىز،
ھېس قىلمىغىن ھاياتنى سەن خىيالەن.

بۇندا مەۋجۇت خورلىنىشلار، تۆھمەتلەر،
بۇندا مەۋجۇت ھىجران يۇتۇش خارابلىق.
بەلكىم خۇشال قىلغان لىرىك سۆھبەتلەر
ئىچرە باردۇر بىر مۇددىئا ئازابلىق.

تېنەپ يۈرەر قول كۆتۈرۈپ مەسۇم قىز،
ئۇمۇ بىزدەك ئادەملىكتە يارالغان.
گەر توزۇسا ياشلىق گۈلى مەزگىلسىز،
ئاھ، بۇنىڭدىن ئۆرتەنمەمدۇ تىرىك جان.

※ ※

ئادەم دېگەن قالپاق باشتا جۇلالىق،
ئەدەپ-ئەخلاق يۈركەنجىسى ئۇستۇمدە.
نازىنىنلار باقار ماڭا خۇمالىق،
قان تامچىلار لېكىن مۇڭلۇق كۆيۈمدە.

ئادەم دېگەن ئۇلۇغ نامغا مۇناسىپ،
ھاياتىمدا قىلغانلىرىم قانچىلىك.
ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار تاناسىپ،
قېرىنداشلار ماختانمايلى ئۇنچىلىك.

※ ※

ئادەم دېگەن ئۇلۇغ نامدا ئاتالدىم،
لېكىن ئۇلۇغ بولالمىدىم بىر ئۆمۈر.
مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ بۈيۈكى سانالدىم،
ئەپسۇس، ماڭا بىچارىلىك بولدى جۆر.

ھايات ئۆلۈم ئارىسىدا چەكسىز يول،
بۇندا مۈشكۈل قايغۇ ـ شادلىق مۇجەسسەم.
تۆرەلدىڭمۇ ياشاش ھەققىڭ تۇتۇپ قول،
ئادەم بولۇش قايىنىمىغا شۇڭغۇ ھەم.

1993-يىل فېۋرال، تۇرپان

# چاقماقلار ئىچرە ماڭا ئاقار قېنىڭ

تەقدىرىڭ ھىجران ئىچرە كۆيدۈرگەندە،
ھۈجراڭدىن ئاق گۈل بولۇپ ئۈزۈلدۈڭمۇ؟
يۈرىكىم چوغ لېۋىڭگە سۆيدۈرگەندە،
ئېچىلغان ئاسمان كەبى سۈزۈلدۈڭمۇ؟

تولۇن ئاي بەرگىدىكى قايناق بۇلاق،
قوزغىتار شېرىن تۈيغۇ تىنىق تەندە.
جۈپ قولۇڭ — بىلەكلىرىڭ قاردىن ئاپئاق،
تىترىتەر دىلنى يۈرەك ئەكچىگەندە.

يېپىشتىم لەۋلىرىڭگە زۇلۇك كەبى،
شورىدىم لەززەتلىنىپ مىنۇت تىنماي.
كۆزلىرىڭ ۋەھىمىلىك چاقنار ئەمما،
قوللىرىڭ يەلكەم ئارا سىزىدۇ ياي.

كۆزۈمنى يۇمدۇم ئاستا ھاياجاندا،
ئۇرۇلار يالقۇن كەبى تىنىقلىرىڭ.
ئاھ، جاننى نەگە قويای بۇ جاھاندا،
ئېرىتتى ۋۇجۇدۇمنى خۇلقلىرىڭ.

ياماشتىم ئۈز بويۇڭغا يۆگەيسىمان،
مەجنۇن بوپ بەدىنىڭگە كىرىشتىم چىڭ.

ئۇنتۇلغان بۇندا ئەدەپ، بۇندا زامان،
چاقماقلار ئىچرە ماڭا ئاقار قېنىڭ. . .

1993-يىل نويابىر، تۇرپان

# ئانا دەرەخ

يۇرتۇم كۆركى ئېھ، قەدىم دەرەخ،
يول بويىدا تۇرىسەن مەغرۇر.
شاخلىرىڭدا تارىخ مۇجەسسەم،
ياپراقلىرىڭ سۆزلەيدۇ غۇرۇر.

سەۋدا چۇشۇپ بېشىمغا بۇگۈن،
قول سىلكىدىم ئۇمىدسىز ساڭا.
كۆز ياشلىرىم ئاقتى تاراملاپ،
گۇگۇم ئىچرە يول ئالدىم ئاڭا.

ئۆزگە يۇرتنى قىلىپ مەن ۋەتەن،
ساھىلىڭدىن كەتتىم يىراقلاپ.
يېگەن ئالمام تېتىمدى ئەمەن،
ۋەسلىڭ دىلنى تەكرار سوراقلاپ.

ھىجرانىڭغا يىقىلدىم رەت-رەت،
(باغرىڭسىزلىق ئىكەنغۇ دوزاخ.)
جۇدالىقتا يۇردۇمەن پەقەت،
سامان كەبى سارغىيىپپ ھەر ۋاخ.

قايتىپ كەلدىم گۇگۇمدا يەنە،
يول باشلىدى بىر يورۇق يۇلتۇز.

مەھەللەمنىڭ بېشىدا ئەنە،
يۇرۇنقىدەك تۇرىسەن يالغۇز.

ھاياجاندا كەلگەنچە تېز-تېز،
قۇچاقلىدىم جىسمىڭنى ئاستا.
قوۋزاقلىرىڭ يۇمران قوللاردەك،
يۈزلىرىمنى سىلىدى قايتا.

※

يۇرتۇم كۆركى ئېھ، قەدىم دەرەخ،
يول بويىدا تۇرىسەن مەغرۇر.
سايەڭدە بار بىر كۇلكە قەھ-قەھ،
ياپراقلىرىڭ سۆزلەيدۇ غۇرۇر.

1993-يىل، تۇرپان

# تۇغۇلغان كۈنۈمگە

سوغۇق دىل خانەمدە ئۇلتۇرۇپ يالغۇز،
يىگىرمە ئۈچ يېشىمنى كۈتتۈم بىزۋۋان.
ھەسرەتلىك پىلىلدار ئاسماندا يۇلتۇز،
ئۈمىدسىز تىلەكنى قىلىپ ئارمىغان.

ياشلىق باھارىمنىڭ پورىكى بۇ ياش،
ئۆمۈر بوستانىمنىڭ گۈلتاجىسى ھەم.
ئاھ، لېكىن قاراقتا ئەلەملىك چاقناش،
نىچۈن تەكرارلىنار ئازابلار ھەردەم.

ئارقامغا بۇرۇلدۇم يىگىرمە ئۈچ يىلغا،
قانلار تامچىسىدىن ئېچىلىپتۇ گۈل.
ھە، بۈگۈن خۇشاللىق بولغاندا ئاتا،
نىچۈن خۇشال بولۇپ كۈلمەيسەن كۆڭۈل.

شاراب قىسمىتىدە تىلەيمەن تەڭرى،
نەدىدۇر مەن كۈتكەن ئىلاھىي سۆيگۈ.
ئادەملەر شۇنچە كۆپ، قۇچاقلار كەڭرى،
لېكىن ھەمراھ مەڭگۈ مىسكىنلىك مەڭگۈ.

مىنۇت ئازادىلىك بىزگە غەنىمەت،
ئۇنتۇلسۇن ئازاپلار دەل مۇشۇ پەيتتە.

قۇرداشلار بەرگەندە بىر قېتىم پۇرسەت،
ئۆرتىنىپ يۇرمەيلى بىمەنە دەردتە.

1994-يىل، تۇرپان

# ئانا يۇرت ھەر دىلدا ئۆزگە بىر ۋەتەن

مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق دىيار بۇ،
ياز بىلەن قىشنىڭ چېگرىسى روشەن.
ساداقەت رەڭلىرى قېنىق دىيار بۇ،
ئانا يۇرت ھەر دىلدا ئۆزگە بىر ۋەتەن.

ئەتراپى جەزىرە، تاغلىرى تاقىر،
پايانسىز ئورمان يوق بۇ شۇنداق پاكىت.
ۋە لېكىن ئەجدادنىڭ تېنى ھەر ئېدىر،
بۇنىڭغا قان رەڭلىك قۇملىرى شاھىت.

بۇندا كۆپ ئەمەستۇر ئۇلۇغلار لېكىن،
بار بىرلا گىگانت (ئۇلۇغلار شاھى.)
«ئۇيغۇر» ئۇ نامدىن چېقىلار چېقىن،
ئۇ يۇرتۇم كۆكىنىڭ قۇياشى ماھى.

زۇمرەتتەك كۆلى يوق ياكى دەرياسى،
تونۇرنىڭ ھۇلىدەك ئىسسىقى بۇ راست.
ۋە لېكىن ھاياتقا تەڭداش ھاۋاسى،
كارىزى مىڭ دەريا ئېقىنىغا تەققاس.

بۇندا بار جەننەتتەك ئۈزۈملۈك باغلار،
ھەم ئانا تۇپراققا ئوتلۇق مۇھەببەت.

بۇندا ئەر ئۆزىنى شىر سۈپەت چاغلار،
تاغلارنى يۆتكەشكە يېتىدۇ قۇدرەت.

بۇندا بار پەخىرلىك، مۇقەددەس تارىخ،
ھەم ئەۋلاد قەلبىدە ماياك ئەنئەنە.
بۇندا بار رەقىبلەر كۆكرىكىگە تىغ،
ھەمدە بار ئېزگۈلۈك ئۈچۈن تەنتەنە.

بۇندا بار مېھرلىك ئانا سەھرالار،
غۇرۇر دەپ سوقىدۇ بۇندا ھەر يۈرەك.
زېمىنغا تۇتاشقان ئوتلۇق سادالار،
بۇ يۇرتنى جەننەتكە ئۇلىغان دېمەك.

1994-يىل ئاپرېل، تۇرپان

# ساۋاقداشسىز يۈرگەن جايىم زىندان ئىكەن

ئاھ، ئايرىلدۇق، ئاھ، ئايرىلىش يامان ئىكەن،
سىرداشسىز كۈن دەردكە تولۇش ھامان ئىكەن.
يالغۇزلۇقتا ياش سىرغىتتىم كەچمىش ئىچرە،
ساۋاقداشسىز يۈرگەن جايىم زىندان ئىكەن.
ئورتاق ھايات، ئورتاق تۇرمۇش، ئورتاق كۈلكە،
چىھرىلەردە خۇشلۇق ھەردەم خەندان ئىكەن.
باغرى ئىللىق جۇشقۇن يۈرەك، گۈزەل مەكتەپ،
ئەسلى ئىجاد بەيگىسىچۈن مەيدان ئىكەن.
يات قوينىدا ئالتۇن ئىچرە ياتقان كۈندىن،
پۇلسىز ئۆتكەن ساۋاقداشلىق چەندان ئىكەن.
تۇنجى تۇيغۇ، تۇنجى سۆيگۈ، تۇنجى ئازاب،
بۇندىكى چۇش ئەبەدىيلىك ئارمان ئىكەن.
سىرداش لەۋلەر ئاداققى رەت كۈي تۆككۈشكەن،
شۇندىن بۇيان ئاچچىق قىسمەت — ھىجران ئىكەن.
تامچىلايدۇ شورلۇق ياشلار خەت ئۈستىگە،
ئىككى جۈپ كۆز ياقا يۇرتتا سەرسان ئىكەن.

1994-يىل نويابىر، تۇرپان

# گۈلگە تولدى يوللىرىڭ پەۋەس

بىز ياشىغان بۇ ئەزىز تۇپراق،
يېتىشتۈردى تالاي ئوغلاننى.
يۇدۇپ كەلدى كۆپتىن، نەۋرىلەر،
يەلكىسىدە چەكسىز ئارماننى.

سەن شۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستاز،
ياشاپ كەلدىڭ گويا نۇر بولۇپ.
ئەل سۆيىدە ئاقتىڭ دولقۇنلاپ،
ئەقىدەڭگە مۇھەببەت تولۇپ.

ئاۋام بىلەن بولدۇڭ ھەمنەپەس،
ئۆزۈڭ ئۇچۇن ماڭمىدىڭ بىر رەت.
گۈلگە تولدى يوللىرىڭ پەۋەس،
مېھنەت بىلەن ياشىدىڭ پەقەت.

مانا ھۆرمەت تۆرىدە ئۆزۈڭ،
سالام بەردىم ساڭا مۆھتىرەم.
قۇتلۇقلاپ ھەم سېنى يۈرەكتىن،
ئىزىڭ بويلاپ باسقايمىز قەدەم.

1995-يىل، تۇرپان

# ئەجەپ بولدۇم

ئەجەپ بولدۇم ئاھ ئەجەپ بولدۇم،
ئەجەپ بولغان ئۈچۈن يىغلايمەن.
پىيالەمگە لىق تولدى پىغان،
يۈرىكىمنى ئۈنسىز تىلغايمەن.

پېتىشمايمىز بىر قەۋم تۇرۇپ،
ھەم ئۇنتۇلغان گۈزەل تىلەكلەر.
ھۇرپىيىمىز مەنپەئەت ئۈچۈن،
زىدە بولغان تالاي يۈرەكلەر.

ئىلمۇ ئىرپان قالدى ئۇنتۇلۇپ،
نادانلىقتا ياتىمىز ئۇخلاپ.
شاراب، پۇل ھەم قىزغا باغلىنىپ،
ئۆزىمىزنى ئۆتىمىز ئالداپ.

قانداق ئىدۇق، قانداق بولدۇق بىز،
ھالىمىزدىن ئېچىنار جاھان.
ئاچ ئۇيقۇڭنى، يورۇسۇن ئەقلىڭ،
ئېپار چاچسۇن قايتا گۈلىستان.

1995-يىل، تۇرپان

# باغرىمغا يىقىلغان سۆيۈملۈك لالەم

مېھىر ئالىمىدە يېگانە كۈيسەن،
مەجرۇھ يۈرىكىمگە بەردىڭسەن مېھىر.
باغرىڭ قەلبىم ئۈچۈن مىسلى بىر ۋەتەن،
كۆزۈڭگە باغلاندىم، بولدۇم مەن ئەسىر.

ئېرىپ تامچىلايدۇ ۋۇجۇدۇم ھامان،
چېھرىڭ نۇرى شۇنچە تۆكۈلسە ئەلۋەك.
قەلبىم بۇرجىدىكى ئازابلىق تۇمان،
بىر سېنىڭ لەۋھىڭدىن تارقىلار دېمەك.

ھايات تەكرارلىنار سۆيگۈدە پىنھان،
ئىشق سەۋداسىدىن تىترەيدۇ يۈرەك.
ئۆتەر ۋەسلىڭ ئىزدەپ كۈنۈم دەرگۇمان،
ھېسسىم ھىجرىڭ ئارا ئۆتكۈزەر كۆرەك.

روھىڭ سەيىر ئېتەر تۈنلەردە رەت-رەت،
خىلۋەت ماكانىمغا شادلىق بېغىشلاپ.
ئوتلۇق سۆيۈشۈڭنى ئىزدەيمەن پەقەت،
بۇلاق كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ قاراپ.

ئىسمىڭ مىنۇتلارغا سىڭەر تىۋشىسىز،
تۈنلەردە ھۆكۈمران قايتىلانغان چۈش.

سەن باغرى تاشمۇ ۋە ياكى ھېسسىز،
قاراقتا چاقنايدۇ بىردىنلا چۆچۈش.

گۈزەل قامىتىڭگە كەتمەيدۇ تەسۋىر،
بىغۇبار غۇنچە سەن شۇنچىلىك ئۇماق.
لېكىن مۇھەببىتىڭ بولۇپ ماڭا سىر،
تەشۋىشسىز سۆيۈشتىن قالماقتا يىراق.

ئۈمىد گىرەلەشكەن تاتلىق مۇھەببەت،
جۇپ يۈرەك ئۈستىدە يۈرمەكتە لەيلەپ.
بىر سېنى سۆيمەن ئەزىزىم ئەبەد،
سەبى ئەقىدەڭنى دىلغا جا ئەيلەپ.

لالەرەڭ شارابتا تىترەيدۇ ئالەم،
كەل مېھرىم بەختىنىڭ پەيزىنى قۇچۇپ.
باغرىمغا يېقىلغىن سۆيۈملۈك لالەم،
ھاياجان ئىلكىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ.

1994-يىل ئىيۇل، تۇرپان

# ئەجەل دەرۋازىسى

ئەجەل دەرۋازىسى.
سەن تۇرماقتىسەن ئاققا پۈركىنىپ،
لەۋلىرىڭدە ئۈنسىز ئىلتىجا،
كۆزلىرىڭدە لىغىرلايدۇ ياش،
مەن بىكۆيۈم بولۇپ بىۋاپا،
مىسكىنلىكنى قىلغانچە باغاش،
كەلمەكتىمەن دەرتكە بۆلىنىپ.

ئەجەل دەرۋازىسى.
سەن ئۈندىكى تەنھا پەرىشتە،
غۇرۇرۇڭنى ئەيلىدىڭ قۇربان،
تىنىقلىرىڭ چىقتى رېتىمدىن.
يوللىرىڭغا تامچىلىدى قان،
ساقىپ چۈشتۈڭ ئاپئاق بېتىمدىن.
ئاھ، ئەپسۇس،
ئۇچماقتىمەن نامسىز ئەرشتە.

ئەجەل دەرۋازىسى.
تۈپرىقىمغا چاچتىڭ ئەقىدە،
پورەكلىتىش ئۈچۈن گۈلۈمنى.

مەن، چالۋاقىدىم ھۆرلۈك ھەققىدە،
تالىلىۋالدىم ئاندىن ئۆلۈمنى.
ئاھ تىترىدى بۇندا جۇپ ۋۇجۇد.

ئەجەل دەرۋازىسى.
سەن ئۇندىكى
ئاق خالاتلىق ئاپئاق پەرىشتە.
قۇتقۇزماقچى ئىدىڭ مېنىلا،
ئەقىدەڭدىن ياساپ چىقتىڭ تام. . .
ئاھ ئەپسۇس، مەقسىدىڭنى ئەيلىدىم نابۇت،
باھارىڭغا ئىلىپ كىردەم جۇت.
تەلۋە بولدۇم ئاڭسىز رەۋىشتە،
سەن، توساپ كەلدىڭ ئەجەلنى داۋام،
مەن شاللاقلىقتا تامچىلىتىپ قان،
ھاياتىمنى قۇرۇتتۇم تامام.

ئەجەل دەرۋازىسى.
سەن تۇرىسەن ئۇندا يىگانە،
مەن يول ئالدىم ھالسىز قەدەمدە،
سەن قىپ-قالدىڭ چەكسىز ئەلەمدە.
ئاخىرقى رەت قايرىلدىم ساڭا،
سەن بىردىنلا ئايلاندىڭ تاشقا،
قەلبىمدىكى پاتماس قۇياشقا.
ئەجەل دەرۋازىسى كەتتى ئېچىلىپ،

مەن دەريا-دەريا تۆككۈنۈمچە ياش.
كىرىپ كەتتىم ئاگا قىسىلىپ. . .

ئەجەل دەرۋازىسى. . .
سەن كەلمەكتىسەن بىر مېنى قوغداپ
مەن يۈرمەكتىمەن باشقىنى قوغلاپ. . .

1994-يىل دېكابىر، تۇرپان

# كەيپلىك قىسسىسى

كىم سېنى ئاپىرىدە قىلغاندۇ شاراب،
بىھېساب خىسلەتنى قىلىپ مۇجەسسەم.
دەقىقە ئۆمرۈمنى چىرمىغان ئازاب،
ۋەسلىڭگە يەتكەندە يوقىلار ھەردەم.

سەن بىلەن ئەركىنلىك، ئۆزلۈكۈم زاھىر،
مېھرىڭدىن جەننەتتە ياشايمەن بىر پەس.
زۆھرەلەر قايدىدۇر مەن گويا تاھىر،
ۋىسالغا ئېرىشەي بولۇپ مەست-ئەلەس.

※

سۈپسۈزۈك جىلمىيىپ تۇرساڭ شېشىدە،
جامالىڭ سۆيگۈدەك مەيلىمنى تارتار.
سەن باركى ھېچ ئارمان قالماس كىشىدە،
بارمىدۇر دۇنيادا سەندەك ۋاپادار.

بويۇڭغا ياماشتىم رەزىل مەقسەتتە،
ئايلىنىپ دۇنيانى چارچىدىم تامام.
ئورنۇمدىن قوزغالدىم بۈيۈك ھەسرەتتە،
كۆزۈمدىن يوقالدى تىترەپ تۇرغان جام.

ئالدىمدا جىلمىيىپ تۇرغىنى رۇمبا،
ۋە ياكى ۋالىسمۇ بىلمىدىم پەقەت.
تەن ئارا تاشلانغان مەزگىلسىز بومبا،
پارتلاپ تومۇرلار قۇترىدى دەھشەت.

بۇدۇر چاچ يۈزۈمگە ئۆرۈلۈپ تۇرار،
ئاياغلار ئايلىنىپ ئۈچىدۇ رەتسىز.
كىرىشكەن قوللاردىن مۇھەببەت تامار،
ئىغاڭلار بەدەنلەر شۇنچە ئىسكەتسىز.

شېشىگە يېپىشتىم ئەسەبىي تۇستە،
ئىچىمنى ئۆرتىدى بۇ ئاچچىق شاراب.
چېكى يوق ئويلارغا بولغانچە غەرق،
ئولتۇردۇم خىيالىي ھۆسنىڭگە قاراپ.

بىردىنلا ئوتقاشتەك كىردىڭ ئىشىكتىن،
ئورنۇمدىن قوزغالدىم ئاستا تېڭىرقاپ.
مۇز كەبى تۆشەكتە تولغانغان ھېستىن،
ئاققۇدەك ۋۇجۇدۇڭ كەتكەنتى تاراپ.

كۆزۈڭگە شۇڭغۇدۇم ئاچ كۆز رەۋىشتە،
شەھۋانىي ئۆپۈشلەر يالمىدى مېنى.
قوينۇمدا ياتقىنى شەيتان پەرىشتە،
ماڭىلا مەنسۇپمۇ چوغسىمان تېنى...

ئازگالغا خەسسىمان تىقىلدىم جىمجىت،
كىمكىنە ئانامدەك پەپىلەر مېنى.

سولىنىپ قەپەسكە بولغانسەن تىت-تىت،
تۈگۈلۈپ ياتقانچە چۈشىدىم سېنى.

كائىنات مۈلكۈمگە ئايلانغان تامام،
بىر ئىزگۈ ئۈمچىيىش لېۋىمدە قاتقان.
كۆز ياشلار تۆكۈلەر تارام ۋە تارام،
ھىجرانىڭ يۈرەككە تىغ بولۇپ پاتقان.

مۈردىدەك تاشلىنىپ ياتتىم بىز ۋۇۋان،
تېنىمدىن ئاجرالدى ئادەملىك كىبىر.
ئېڭىمدىن يوقالغان زامان ھەم ماكان،
ھەقىقىي ئادەملىك مۈشۈغۈ ئاخىر؟...

دەل مۈشۈ دەقىقە بەخت ماڭا يار،
ھېچقانداق مەزھەپكە ئەمەسمەن مەنسۈپ.
كىملەرگە ئەزىزمەن، كىملەرگە ھەم خار،
ياتىمەن بىخەۋەر ھەسرەتنى قۇسۇپ.

مىسرالار تورۇكلاپ تۆكۈلدى بىردىن،
مەست ھالدا قولۇمغا ئالدىم قەلەمنى.
ھەرپلەر سەكرىشەر قۇرلار ئۈستىدە،
قەغەزگە نەزەربەند قىلدىم ئەلەمنى.

تۆشەكتە تاشلىنىپ ياتىمەن جىمجىت،
بىر ئۇلۇغ ھەسرەتنى يۇتۇپ بىمادار.
چۈشىمان ۋىسالدىن بولىمەن تىت-تىت،
يۈرىكىم ئازابتىن دۈپۈلدەپ ئۇرار.

خىيالىي خۇلقۇڭدىن بىردىن سۆيۈنۈپ،
لېۋىمنى تامشىيمەن ئاستا قىمىرلاپ.
كۆزۈمنى ئاچسامۇ يۈرەك ئۆرتىنىپ،
ئەتراپقا قارايمەن چۆچۈپ يىتىرقاپ.

«يۇلتۇزلار چاراقلاپ يانىدۇ كۆكتە،
مەن بۇندا يانىمەن يالغۇز ئوت بولۇپ».①
بەخت ئۇ چاقناركەن پەقەت كۆپۈكتە،
شۇڭا مەن قەدەھنى كەلدىم تولدۇرۇپ.

سىكۇنتلۇق خۇشلۇقچۇن ئالدىم قەدەھنى،
پىغانىم تاشماقتا مەيگە قوشۇلۇپ.
بولدىلا تەكتىلەپ كەتمە ئەدەپنى،
مىڭ بەدەل تۆلىدىم بىر كۈلكە يۇلۇپ.

ھەممىنى ئۇنتۇلدۇر ئىلاھى قەدەھ،
ھەسرەتلىك سۆيگۈنى، مەجھۇل تۇرمۇشنى.
ئۆتۈنەي بىر قېتىم كۈلدۈرگىن قەھ-قەھ،
ئۇنتۇلدۇر ھەقىقىي ئادەم بولۇشنى.

خوش دوستلار ھەممىدىن قۇتۇلۇپ بىر پەس،
ساماۋى دۇنياغا يول ئالدىم يالغۇز.
شۇڭا سەن قەدەھنى تولدۇرۇپ پەۋەس،
مېنى مەست ھالەتتە مەنزىلگە ماڭغۇز.

1994-يىل، تۇرپان

---

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا تەقلىد

# گۈلسىز بېكەت

ھېچ كىشى يوق شاۋقۇنلۇق بازار،
بۇندا مەۋجۇت ئاداققى بېكەت.
بۇندا گۈل يوق ۋە ياكى ئاق قار،
مەن بۇ يەردە يولۇچى پەقەت.

مەن بىر كىمنى كۈتمەن ئۈنسىز،
ھەم باقىمەن يولغا زارىقىپ.
ئالدىمدا بار داۋانلار ئېگىز،
كەينىمدە كۆل كەلمەكتە تېشىپ.

يا كەلمەيدۇ بىردىن ئاپتوبۇس،
ياكى مەنمۇ قالمايمەن كېتىپ.
پەقەت ئۆكسۈش ئاڭلىنىدۇ سۈس،
كىرپىكتە ياش قالىدۇ قېتىپ.

يا بىر يانغا قىلمايمەن سەپەر،
چۈنكى يۈكۈم ئېغىر، يول يىراق.
تەڭلىنىدۇ لېۋىمگە زەھەر،
مەن ياشاشنى ئىزدەيمەن بىراق.

ھېچ كىشى يوق شاۋقۇنلۇق بازار،
بۇندا مەۋجۇت باھارسىز بېكەت.

مەن بىر كىمگە بولۇپ ئىنتىزار،
چەكمەكتىمەن ئۆمۈرلۈك ھەسرەت.

1994-يىل، دېكابىر

# سوغا قىلغىن بىر تامچە ئەجەل

تەنھا ساھىل يالمىدى مېنى،
مېھرىڭ ئارا يۈردۈم تەمتىرەپ.
تامچىلايدۇ ئەقىدە قېنى،
ئۆزەلمىدىم كۆلۈمدە ئەجەپ!

چۆلدەرىگەن قەلبىم ئېتىزى،
مەن چاڭقاشتا يۈرىمەن لەيلەپ.
كۆزلىرىمدە ھەسرەتنىڭ ئىزى،
سەن كېلىسەن چۈشلەرنى چەيلەپ.

ئۆز-ئۆزۈمگە چۆكتۈم بىر ۋۇۋان،
كۆيۈپ كۆلگە ئايلاندى تاقەت.
كىملەرگىدۇ بەرمەكتىمەن جان،
سەن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئەبەت.

بىر رەت كۆلۈش ئۈچۈن ئېچىلىپ،
مىڭ رەت يىغلاپ تۆلىدىم بەدەل.
بولدى تەڭرى كەلمە ئېسىلىپ،
سوغا قىلغىن بىر تامچە ئەجەل.

1995-يىل ماي، تۇرپان

# مىسكىنلىكىم ئەيلىدى پەرۋاز

ئىزدەپ ئۆتتۇم دۇنيادىن خۇشلۇق،
كۈلمەك بولدۇم هامان زورۇقۇپ.
ئۇمۇدىمنى قاپلىدى بوشلۇق،
ئاھ، ئازابنى قالدىم يورۇتۇپ.

كۆلۈمسىرەش ئايلاندى ياشقا،
تىت-تىتلىقتا قالدىم تېڭىرقاپ.
مۇهتاج ئىدىم قانداق ئاياشقا،
ئۆز-ئۆزۇمدىن كەلدىم يېتىرقاپ.

مىسكىنلىكىم ئەيلىدى پەرۋاز،
كۆزۈمدە ياش، تىلىكىمدە قان.
پەسلىمدە بار مەڭگۈلۈك ئاياز،
يۈرمەكتىمەن شۇڭا پەرىشان.

1995-يىل، تۇرپان

# قۇرۇغان ئېقىن

هالسىراپ ياتىدۇ قەدىمكى ئېقىن،
تاتارغان قۇچىقى يېرىلغان تامام.
بەزىدە يوقلىسا ئاداشقان يېغىن،
قىرغاقنىڭ يۈرىكى تاپىدۇ ئارام.

چوغ كەبى يېلىنجار يالىڭاچ تاشلار،
دوزاخ دەھشىتىدىن ئۈنسىز ئىڭراپ.
تېنىگەن يالغۇز قۇش كۆزىنى ياشلار،
قۇرۇغان ئېقىنغا ئايانچلىق قاراپ.

قەدىناس ھەمراھى مۈكچەيگەن توغراق،
تەسەللى بېرىدۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەپ.
چۈش كۆرەر كۈندۈزى تۇرۇپمۇ ئويغاق،
ئېقىندا زىلال سۇ تاشقىنلار لەپ-لەپ.

تارتىملىق ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ بىرە،
ئالقۇندا بىردىنلا جىمىرلاپ ئۆتمۈش.
ياپيېشىل ئورمانلار كۆرۈنەر خىرە،
توغراقنىڭ يادىغا چۈشكەندە كەچمىش.

بۇ ئۇلۇغ ئېقىننىڭ ئىزناسى چوقۇم،
يا قەدىم دەريانىڭ ئۈنتۈلغان قېنى.

نە سەۋەب ھىجراندا ئۈزۈلگەن ئۆدۈم،
ئاھ، سېنىڭ سۆپسۈزۈك سۆلىرىڭ قېنى؟!

مۆردىدەك سوزىلىپ ياتىدۇ چۆللۈك،
تۆت پەسىل نامايان توغراقتا پەقەت.
قۇرۇغان ئېقىنىنىڭ تىنىقى ئۈزۈك،
ئاھ قاچان تۈگەركىن بۇ ئۇلۇغ ھەسرەت؟!

1995-يىل، تۇرپان

# سەن خەلقىم قەلبىدە يېقىلماس مۇنار

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا)

كىم بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى ماڭا،
بۇ مەجرۇھ يۈرەككە پاتۇرۇپ خەنجەر.
ئاھ ئۇرۇپ پەلەككە قىلدىم ئىلتىجا،
راستلا كۆز يۇمدۇڭمۇ ساماۋى پەدەر؟

تېڭىرقاپ قالدىم مەن نەپەسىم قىسىلىپ،
جۇدالىق لېيىغا بولغانچە غەرق.
قەلبىمگە قاپقارا زۇلمەت تىقىلىپ،
ھەسرەتتە ياش تۆكۈپ توۋلىدىم: دەرخ!

بەزىلەر «دەھشەتلىك» دەيدىكەن سۆزلەپ،
بۇنىڭدەك دەھشەتلىك بولامدۇ ماتەم.
«يوقىتىش» دېگەندە مىللەتنى كۆزلەپ،
بۇنداق زور «يوقىتىش»نى كۆرمىگەن ئادەم.

يىغلايمەن، بىر سۆزنى تەكرارلاپ پەقەت،
ھەقىقىي ئۇيغۇرسەن يىتۈك، پاسىبان.
بۇ شۇنداق دەھشەتلىك، ئېغىر مۇسىبەت،
چۈنكى سەن چىن ئۇيغۇر ئەلگە مېھرىبان.

قايسى تىل بىلەن مەن ئوقاي مەرسىيە،
ئىچىمگە توڭمەس ئەلەمنى يۇتۇپ.
كىم ئەمدى مىللەتكە قىلار تەربىيە،
كىم ئەمدى ئەۋلادقا يازىدۇ مەكتۇپ؟!

سەن ئەلنىڭ پەرزەنتى، ياق ئەل ئاتىسى،
سەن ئۇيغۇر قەلبىدە يىقىلماس مۇنار.
باش ئېگەر ماتەمدە ئەلنىڭ بارچىسى،
خىسلىتىڭ ئەبەدىي قۇياشتەك چاقنار.

1995-يىل ئۆكتەبىر، تۇرپان

# مۇھەررىر

قەغەزلەر شاھ بۇندا، قىسىلغان شىرە،
ۋاقىتلار تەمتىرەپ ئۆتمەكتە تېز-تېز.
مۇھەررىر ئەجرىگە سالغانچە گىرە،
ئەسەرلەر چېچىلىپ ياتىدۇ رەتسىز.

قەلەملەر يورغىلاپ «ئاشالماس قىردىن»،
ۋاراقلار تاشلىنىپ بارار تىنىمسىز.
كىمنىڭدۇر يۆتىلى ئاڭلىنىپ بىردىن،
رۇجەكتە لىپپىدە كۆرۈنەر بىر قىز.

توپلەينىڭ ئۇندىن تىترەيدۇ بۆلۇم،
نىگاھلار شۇ ھامان قالىدۇ قېتىپ.
بۇ چاڭقاق دەۋردە سۆيۈملۈك مەۋسۇم،
تەسەۋۋۇر يىپلىرى قالار چېتىلىپ.

ۋە لېكىن ئاداشقان تاۋۇش يىراقلاپ،
تىنىقلار سۇكۇتكە بولىدۇ مەھكۇم.
موخۇركا تۇتۇنى يۈزلەرنى ئوراپ،
كۇلدانىنىڭ بويىنى قاپلايدۇ گۇگۇم.

تۇيۇقسىز ئاستىلا ئىشىك چېكىلىپ،
بىر دەستە شېئىر ئېلىپ كىرەر ھەۋەسكار.

قارالماس تەھرىرگە بىر رەت تىك بېقىپ،
(كىرگەن ئۇ ئۆيىدا بولساق دەپ ئەسرار) . . .

يېڭى سان كېلىدۇ شادلىقنى يۇدۇپ،
شۇ ھامان جانلىنار بۇ تىمتاس ماكان.
تېزلىكتە ۋاراقلار تۇگەر ئۆرۈلۈپ،
ئەجىرنىڭ مېۋىسى قوزغاپ ھاياجان.

شۇنچە تېز ئۆتىدۇ كۈنلەر ئۇلىنىپ،
مېھنەتتە بۇ ئۆمۈر ئۆتەر تامچىلاپ.
تەھرىرنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىسىز بولىنىپ،
چىن ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقار قانچىلاپ.

پەقەت شۇ خۇشلۇقى، ماختىسا قۇرداش،
سۆيەتلىك بوپتۇ دەپ قىلغان مېھنەتنى.
بىر ئېغىز ۋەزىننى قىلغانچە ھاپاش،
يارىتىپ كېلەر ئۇ چەكسىز قىممەتنى.

ئۇ نامسىز، ئاتاقسىز تەر تۆكەر ھامان،
تەكىتلەپ يۇرمەيدۇ لېكىن مىننەتنى.
ئۇ يۈرەك بەرگىدىن تامچىلىتىپ قان،
يېتەكلەپ ماڭىدۇ نۇرغا، مىللەتنى . . .

1996-يىل فېۋرال، تۇرپان

# غۇۋا شەھەر

ئەينەككە يۈزۈمنى يېقىپ خىيالچان،
تىكىلدىم شەھەرگە دەردلىك رەۋىشتە.
قۇپقۇرۇق قەلبىمنى ئەيلەپ نامايان،
ھەم پەرۋاز ئەيلىدىم چەكسىز ئەرىشتە.

تىنىقىم يېپىلدى ئەينەككە ئاستا،
تۇمانغا پۈركەندى ھەسرەتلىك شەھەر.
غۇۋالىق ھەممىنى قىلدى ئىستىپلا،
يوقالدى تۈن ھەمدە قۇياشلىق سەھەر.

تىنىقىم قاپلىدى شەھەرنى تامام،
مۇھەببەت پۈركىدىم بوشلۇققا چەكسىز.
پەقەتلا ياشلىرىم ياسىدى تارام،
يەنىلا ئازابقا بۆلەندىم ھالسىز.

بۇ سوغۇق قەلبىمدەك سوغۇق بۇ ئەينەك،
يا مېنى سۆيگۈدىن قىلغانمۇ جۇدا.
تولغىنىپ ياشايمەن تېنىمدە تىترەك،
ئازابلار تىغ ئۇرار قەلبىمگە ئۇدا.

ئەينەككە يۈزۈمنى يېقىپ خىيالچان،
بۇ غۇۋا شەھەردە كەلدىم مەن ياشاپ.

نەدىدۇ مەن كۆتكەن ساماۋى جانان،
تەگرىگە ئىلتىجا ئەيلەيمەن يىغلاپ!

1996-يىل فېۋرال، تۇرپان

# ئانامغا

باغرىڭدا يېتىلدىم ئەزىزىم ئانا،
قۇياشتەك مېھرىڭدە بولدۇم چىن ئىنسان.
قۇچىقىڭ مۇھەببەت ئۇچىقى گويا،
تاۋلاندى ئەقىدەم مېھرىڭدە ھامان.

جاپالار دەستىدە يىقىلدىم كۆپ رەت،
تۇرمۇشنىڭ تەشۋىشى ئاققۇزدى ھەم ياش.
ۋە لېكىن قەلبىمدە شاھ بوپ مۇھەببەت،
يولۇمغا ئەپ كىردى ھېسابسىز ئاياش.

سەن ماڭا ئۆگەتتىڭ ۋىجداننى، تەرنى،
مانا شاد دەۋرىمدە، ئەزىزىمەن بۈگۈن.
ئانىنىڭ مېھنىتى تاۋلاركەن ئەرنى،
ھاياتتىن ھەم شۇنداق چىقاردىم يەكۈن:

تەقدىرنىڭ رەھىمسىز تىغى دەستىدە،
بەردەملىك نۇرىدا ساقلاپ كەلدىم جان.
ھەممىسى ئۆزگەردى ۋاقىت قەستىدە،
پەقەتلا ئۆزگەرمەي كەلدىڭ ئانجان.

1996-يىل مارت، تۇرپان

# يۈرەكلەر بەرگىدىن تامچىلار يىغان

تىنىمسىز تامچىلاپ تۈگەر بۇ ھايات،
ھەم تارىخ بېتىدە قالار مۇھەببەت.
ئاھ، لېكىن كەچمىشلەر بىخلىنىپ قات-قات،
جۇپ يۈرەك تولغىنىپ ياشايدۇ ئەبەت.

ئەقىدە گۈللىرى كەتكەنمۇ توزۇپ،
كەچمىشلەر باغرىنى قاپلىغان سۆكۆت.
بەزىدە چۈشۈڭنى قويامدۇ بۇزۇپ،
ئېڭىڭدا مۆھۈرگە ئايلانغان ئۈمىد.

بۇ قەدىم شەھەردە يۈرىسەن ئويچان،
ئىزلارنىڭ بىخلىرى پورەكلىمەس ھېچ.
يۈرەكلەر بەرگىدىن تامچىلار يىغان،
ياش تۆكۈپ تۈنلىرىڭ ئازابلىق، تىنچ.

مېھرلىك كۆزلىرىڭ تولىدۇ ياشقا،
لېۋىڭدە تەبەسسۇم چاقنايدۇ بىراق.
ئاھ كىملەر تاڭغانكىن تاشنى تاياقا،
شۇنچە تاش يۈرەكمۇ بۇ ئانا تۇپراق؟!

ياق، بىردىن ھۇجراڭغا بولىسەن ئەسىر،
ھەممىنى ئۇنتۇپلا تۆشەكتە ئېرىپ.

ئەسەبىي ھاياجان كۆرسىتىپ تەسىر،
تۈيغۈڭنى قوش قوللاپ قويسەن بېرىپ.

ئېسىڭگە كېلىسەن، ناتونۇش تىنىق،
ناتونۇش بارماقلار چىرمىغان سېنى.
قىينايدۇ ئالدىڭدا تىترىگەن چىنلىق،
ئاھ، ئەپسۇس تۆكۈلگەن ئەقىدە قېنى! . . .

بۇ شۇنداق ئاغرىقسىز دەھشەتلىك ئازاب،
باغرىڭنى خۇن قىلار قۇرتتەك غاجاپ.
چېچىڭنى قاماللاپ تەڭرىگە بوزلاپ،
مىڭ قارغىش قىلارسەن تەقدىرنى تالاپ.

ئاخىرى تۇرمۇشنىڭ تەشۋىشى غېمى،
قويىدۇ بىردىنلا سېنى چارچىتىپ.
ئۇنتۇيسەن سۆيگۈنى، ھەممە ھەممىنى،
يۈرىكىڭ تاش كەبى قالىدۇ قېتىپ.

ئاھ دەردلىك مۇھەببەت، ئاھ دەردلىك ئۈمىد،
سەنغۇ خەير دېگەنسەن گۈلۈم يىراقتا.
بىراق مەن ھەر مىنۇت ئازابتا تىت-تىت،
تولغىنىپ ياشارمەن چەكسىز پىراقتا! . . .

1996-يىل فېۋرال، تۇرپان

# كارىز

كارىز ئۆزۈڭ مۆجىزىلەر شاھىسەن،
ئوت يۈرتىنىڭ تىنىقى بوپ يارالغان.
سەندە خەلقىم پاراسىتى نامايان،
نامىڭ شۇڭا ئەللەر ئارا تارالغان.

ئېقىپ چىقسا تىلمىلاردىن ئويناقشىپ،
ياشىرىدۇ ئۈزۈمزارلار سۆيۈنگىدىن.
بەھرى ئالار سەندىن بارچە مەۋجۇدات،
بەخت تېپىپ شىلدىر-شىلدىر كۆيۈنگىدىن.

سەن زېمىنىنىڭ تومۇرىغا تۇتاشقان،
شۇڭا سۆيۈك شۇنچە سۈزۈك، شۇنچە ساپ.
ھەر بىر تامچەڭ تەرى بەلكىم ئەجدادىنىڭ،
شۇڭا مېھىر خىسلەتلىرىڭ بىھېساب.

تومۇز ئاپتاپ باش ئېگىدۇ ئالدىڭدا،
سېنىڭ بىلەن بولار جانىنىڭ ھۇزۇرى.
يەنە ئاققىن ئەسىر بويى ئۈزۈلمەي،
بولۇپ ئەلنىڭ ئىپتىخارى، غۇرۇرى.

# ئانامنى ياد ئېتىپ

جېنىم ئانا سېغىندىم سېنى،
دەريا-دەريا ئاققان مېھرىڭنى.
ھاياتىمدا سالمىقىڭنى ھەم،
قۇياش كەبى نۇرلۇق چېھرىڭنى.

ئاھ، ۋاقىتسىز ئايرىلىپ سەندىن،
قەلبىم ئۇچۇن بورۇق ۋەتەندىن.
دىلىم سۇنۇق، يۈرىكىم داغلىق،
مەھرۇم بولۇپ ئىللىق چىمەندىن.

ئەگەر،
بۇ يۈرىكىم روھى قۇش بولۇپ،
سېغىنىشنى پەۋەس تولدۇرۇپ،
ئۇچۇپ كىرسە قەبرەڭگە ئانا،
شۇندا بىلىپ قالىسەن چوقۇم،
شۇنچە مەغرۇر، تەمكىن ئوغلۇڭنىڭ،
قانچە ئازاب چەككەنلىكىنى.
سەنسىز نۇرسىز قالغان دۇنيادىن،
تالاي قېتىم كەچكەنلىكىنى.

سەن تۇيۇقسىز كەتتىڭ كۆز يۇمۇپ،
دۇنيا يەنە قالدى ئۆز پېتى.

قۇياش يەنە نۇرلۇق شۇ قەدەر،
كىشىلەر شاد، ئالدىراپ يۈرەر.
مەنمۇ قالدىم بۇرۇنقىدەكلا،
يەنە ھايات، خورلانمىدىم ھەم.

بىراق، ئازابىمنى بىلمەيدۇ ھېچكىم،
(ئاھ، بۇ دەردنى كۆرمىسۇن ئادەم.)
ئاسمان بىردىن كۆمتۈرۈلگەندەك،
ياق، بىر قۇياش جىمجىت ئۆچكەندەك،
كائىناتنى بېسىپ زىمىستان،
زېمىن تىترەپ، تاغلار كۆچكەندەك.
ياق
ئوخشىمايدۇ ھېچقانداق تەسۋىر،
بۇ ھەسرەتكە، بۇ جۇدالىققا.
ھەقىقەت شۇ كەلمەيدۇ ئانام،
بۇ ھاياتقا كۆز ئېچىپ قايتا.

قەلبىمدىكى شۇنچىلىك ئاچچىق،
شۇنچە چوڭقۇر جاراھىتىمنى،
قىلالمايدۇ ھېچكىم تەسەۋۋۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن توڭگەن ھايات،
مېنىڭ ئۈچۈن توڭگەن ھوزۇر.
بىراق
قالغانكەنمەن شەرت ئىكەن ياشاش،
ياشاپ كەلدىم يەنە سۆرىلىپ.
ئۆچتى بەخت ھەم چىن كۈلكىلەر،
بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا قايتا،
قالغان كەبى مەجھۇل تۆرىلىپ.

قاياشىم سەن مېھرىبان ئانا،
ئۆمرۈم ئۈچۈن پاسىبان ئانا.
ۋۇجۇدۇمغا يېتكى قان ئانا،
جېنىمغا جان ھەم ئىمكان ئانا،
ئەقىدەمگە پاك ئىمان ئانا.
يەرلىكىڭنى قىبلە قىپ يىغلاپ،
يۈرىكىمنى مىڭ پارە تىلغاپ،
قىلاي ساڭا شۇنداق ئىلتىجا:
بۇ ئوغلۇڭنىڭ پېشانىسىگە،
(زۇلمەت باسقان نىشانىسىگە،)
سۆيۈپ قويغىن بىر قېتىم قايتا...

بۇ يۈرىكىم كىچىك قۇش بولۇپ،
جۇدالىقنى پەۋەس تولدۇرۇپ،
روھىڭ ئىزدەپ ئۇچتى يىراققا.
چىدىمىقى تەسكەن ئىنسانىنىڭ،
ئانىسىدىن ئايرىلغان جانىنىڭ،
دىلى سۇنۇق، يۈرىكى قانىنىڭ،
يېتىم قالغان شۇ ناتىۋانىنىڭ،
بۇ ھەسرەتكە، بۇ جۇدالىققا!...

1997-يىل ئىيول، تۇرپان

# مېھنەت كۈيى ياسايدۇ خامان

(دېھقان تاغىلىرىمغا بېغىشلايمەن)

«يەر» دەيدىكەن قەدىمدىن بۇيان،
بىز ياشىغان ئەزىز تۇپراقنى.
يەيدىكەن راست، ئۇ مېھنەت، تەر، قان،
سالار ئىكەن ئاندىن پىراقنى.

شۇ پىراقتا ياشاركەن دېھقان،
ھەممەت ئارا تەگسىز سوئالدەك.
قەلبى ئېغىز كەبى بىپايان،
سېخىيلىقى تاتلىق خىيالدەك.

يۈزىدىكى قورۇققا ئوخشاش،
ئېتىز ئارا تارچۇق يوللاردا.
خىسلىتىدىن ياندۇرۇپ ئوتقاش،
ھايات ياسار بەرجەس قوللاردا.

گىياھلارنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ،
يۈرىكىگە كەتكەن تۇتىشىپ.
ھەر بىر تال دان باغاشلىنىپ چىڭ،
كۆكلەر مېھنەت سۈيى ئىچىشىپ.

كۆز يېشىنى تۆكەر ياپراققا،
شەبنەم بولۇپ چاقنايدۇ سەھەر.

ئەقىدىسى سىڭىپ تۇپراققا،
گۈل ئېچىلار جەننەتكە قەدەر.

سۆيگۈ، ئازاب، دەردلىك خۇرسىنىش،
يۇلتۇزلارغا چېچىلار پىنھان.
مېھنەتلىك كۆي ياساپ يېيىلىش،
ئەۋجىسىدە ياسايدۇ خامان.

چىن ئەھدىسى يىلتىز تارتقان تاش،
ئانا ئەلگە تىكلەنگەن مەزمۇت.
نېمىتىنى قىلغانچە تالاش،
چېچىپ كېلەر ئەۋلادلارغا قۇت.

ئويناق ئېقىن، يۇمران قىيالار،
ئېيتىپ بېرەر ئۇنىڭغا چۆچەك.
ئېڭىدا يوق رەڭدار چىراغلار،
نازغىغان تەن بىلىنەر چۇشتەك.

ئۇرۇق بولۇپ چېچىلار مەردلىك،
ۋىجدان ئۇندا بىخلار باراقسان.
تىلىكى شاد، كەچمىشى دەردلىك،
بوز رەڭ ئويدا ياشار خىيابان.

چەكسىز دالا، يېگانە يۇرەك،
قۇياش تۇغۇپ كېلەر ھەر سەھەر.
ئاھ زېمىننى باسىدۇ تىترەك،
ئۆز ئوغلىغا كۆيگەچكە پەدەر.

1997-يىل ئۆكتەبىر، تۇرپان

# يۈرىكىڭلار نۇرغا تولسۇن ئىلىمدىن

(ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا)

ئۆۋىدىكى بىر توپ باچكا ئىدىڭلار،
تەمشەلدىڭلار ئۇچۇش ئۈچۈن يىراققا.
سىلەرگە جۈپ قانات بەرگەن ئانا قۇش،
قالار بولدى بۇندا ئۈنسىز پىراقتا.

يەنە بىر چوڭ ئۇۋا كۈتەر سىلەرنى،
ئۇندا بەيگە شۇنچە كەسكىن ھەم قايناق.
پۇرسەت — ھايات، ۋىجدان بىلەن ياشاشقا،
قەلبىڭلاردا چېچەكلىسۇن ئىشتىياق.

ھايات بەخت ئەمەس بەلكى جەڭگاھتۇر،
بۇندا يېڭىش، يېڭىلىشلار مۇجەسسەم.
بولما مەيلى ئالىم، شائىر، داڭلىق زات،
بولغىن پەقەت ئەلگە كۆيگەن چىن ئادەم.

ئۇستاز ئەجرى مېۋە بەرسۇن سىلەردە،
يۈرىكىڭلار نۇرغا تولسۇن ئىلىمدىن.
ئەقىدەڭلار پاكىز بولسۇن ئەبەدىي،
قۇت تىلەيمەن يولۇڭلارغا دىلىمدىن.

1998-يىل ئىيۇل، تۇرپان

# روھ كومزىكىگە قۇيدۇم شارابنى

ئىشقىڭ چوڭقۇرىدا سۆيدۇم ئازابنى،
نىگاھلار سەتھىدىن چاچراپ چىقتى قان.
روھ كومزىكىگە قۇيدۇم شارابنى،
ۋەسلىڭ مەركىزىدىن ئىزدىدىم ئىمكان.

تەنلەر ئەۋجىسىدە ياڭرايدۇ بىر كۈي،
پايانسىز ئۆپۈشتىن ياسىلار ئۆدار.
يۈرەك بېغىشىغا ئۆرۈلۈپ خەنجەر،
دەھشەتلىك چېقىندا ئۈزۈلىدۇ تار.

ساداقەت جەسىتى قوزغار ۋەھىمە،
پەسەيگەن شاۋقۇندا چاقنىماس ئىشىق.
نەپرەت يالقۇنىدا چوغلىنىپ ھەممە،
ئاداققى مەقسەتنى بويايدۇ قېنىق.

1998-يىل يانۋار، تۇرپان

# قىز كۆكسىدە تۇغۇلىدۇ ئاداققى نەپرەت

كۇي دەرىخىم چېچەكلىدى شۇنچە باراقسان،
بۇندا قۇشلار سۆيگۈسىنى قىلماقتا بايان.
يىلتىزلارنىڭ تىترىشىدىن چېچىلار غۇرۇر،
تەنلەر قوۋزاق ئارا سويلاپ سۇرمەكتە ھۇزۇر.
شاخ ئۇچىدا بىر تومۇزغا چىرىلدار غەمكىن،
يەتكۈزمەكچى تەنھا ئايغا ئاھىنى سەلكىن.
ياپراقلارنىڭ شىۋىرلىشى قوزغار ۋەھىمە،
ئېچىرقىغان تەنگە ئوخشاش تىترەيدۇ ھەممە.
جىن سايىسى ئەلەڭگىيدۇ زېمىننى قىستاپ،
ئېرىمەكتە مىڭلاپ ۋۇجۇد زۇلمەتتە شۇ تاپ.
كۈۋەجەيدۇ مەۋھۇم دېڭىز جىلغىلار ئارا،
ياش كەلكۈنى ئېچرە چاقنار چاڭقىغان دالا.
ئەخلاق تۈنى ئۆڭگەن گويا كېپەنگە ئوخشاش،
سېستىماقتا ئېتىقادنى خىيالىي قۇياش.
ئۇچۇپ يۈرەر روھ ئۈستىدە قاپقارا كۆزلەر،
تاپانلاردىن غىدىقلىنار پايانسىز يۈزلەر.
ئاپئاق نازۇك بارماقلاردىن تامچىلايدۇ قان،
قان شۆھرىتى ئېپلاس روھتا ياسايدۇ قىيان.
قىز كۆكسىدە تۇغۇلىدۇ ئاداققى نەپرەت،
ھەم ئۆلۈمنىڭ ناغرىسىنى چالار مۇھەببەت.

1998-يىل فېۋرال، تۇرپان

# ئوربىتا

سەن بىر ئوربىتا،
مەن، ئېزىپ كېتىمەن دائىم يولۇمدىن.
سەن ئايلىنىسەن جىمجىت ئۆزۈڭدە،
دۇنيا تۇغۇپ ئاھۇ كۆزۈڭدە.
ئايلانماقچى ئىدىم سېنىلا،
بىراق
ئۇرۇلۇپ كېتىمەن تۇيۇقسىز،
باشقا ئوربىتىغا، باشقا جىسىمغا.
پارچە-پارچە بولىمەن ئاندىن،
ھەر بىر بۆلىكىمدە بىر ئوتلۇق يۈرەك.
ھەر بىر يۈرىكىمدە ئەسەبىي تىترەك،
شەيتان ئەپسۇن ئوقۇپ قويغان قېنىمغا.
توختاۋسىز ئۇرىمەن روھىمغا خەنجەر،
شەكىلنى ئىزدەيمەن جاراھەت ئارا.
قىپقىزىل قانلار ئىچرە چوغدەك قارىچۇقلار،
ساداقەت مەنزىلىمگە چاچرىتار زەھەر.
ئوربىتىنى ئىزدەيمەن،
ھەممە يۈرەكلىرىمنى يىغىپ كېلىپ،
ئوقۇڭغا پايخان قىلىشنى تىلەيمەن.
بىراق تۇمان ئارا كېتىمەن ئېزىپ. . .

1998-يىل فېۋرال، تۇرپان

# ئازابنى بەر

مەيلى ئال،
بىرەي ساڭا پۈتمەس ئازابنى،
ئىلىپ قالاي بەختنى تامام.
ئىچكىن،
جامدا كۆۋەجىگەن ئاچچىق شارابنى،
ماڭا ھۆزۈر بەرسۇن مىزىلىك تائام.

دەريا بولۇپ ئاقسۇن كۆز يېشىڭ،
مېنىڭ كۆلكەم يەتسۇن يەتتە پەلەككە.
موھتاجلىق دەستىدىن ئېگىلسۇن بېشىڭ،
مەن ئابرۇي تۆرىدە تولاي شەرەپكە.

جۇدالىق دەستىدىن تىلىنسۇن قەلبىڭ،
مەن گۈزەل جانان بىرلە بولاي غەرق مەست.
رەڭۋاز تىلەكلەردىن گۇم بولسۇن ئەھدىڭ،
ئارمىنىم چېچەكلەپ شادلىناي پەۋەس.

تارازىغا سالاي ئاخىر،
ئىككى خىل ياشاشنى، ئىككى خىل جاننى.
بىر سەنلا ئىنسانىدەك ياشىدىڭ پەقەت،
روھىڭدا ئۇرغۇتتۇڭ پاكىز قاننى،
ھەم ئازاب مەركىزىدە سۆيدۈڭ بەختنى.

مەن بولدۇم مۇردىدەك ھەر بىر تىنىقتا،
يۈرىكىم سەسكىنەر ساختا ۋەتەندىن.
ياق تەڭرىم،
ھەر نەپەس بەرگىن ئازابنى،
ئادەمدەك سىياقتا چىقاي بۇ تەندىن.

1998-يىل فېۋرال، تۇرپان

# مەغلۇپلۇق

سەن،
ئۇچۇپ چىقتىڭ قەلبىم قەسرىدىن،
مىسكىن روھنى يۇدۇپ يەلكەڭگە.
مەن،
جۇدا بولۇپ تېنىڭ ۋەسلىدىن،
كۆز تاشلىدىم شورلۇق ئەتەڭگە.
چاۋاك چالار بۇندا قىيا تاش،
ئورمىنىڭدا ھۆركىرەر قاۋان.
ئايىغىڭدا پاياندار ئالداش،
شەھۋىتىڭدە چېچەكلەر ئىمكان.
مەن،
تۇرۇپ قالدىم مەۋھۇم نۇقتىدا،
غۇرۇرۇمدىن ياساپ بىر قەپەس.
ئادەملىكنىڭ قانلىق ئوقىدا،
يانجىلماقتا ئەسەبىي ھەۋەس.

1998-يىل يانۋار، تۇرپان

# يارىماس ئادەم

تاغلاردىن سورىدىم:
— هاياتلىق نېمە؟
— مەۋجۇدلۇقۇڭنى بىلدۈر جاھانغا.
زېمىندىن سورىدىم:
— مۇھەببەت نېمە؟
— پاكىز ئەھدىڭنى سىڭدۈر تۇمۇرۇڭدا قانغا!
دەريادىن سورىدىم:
— بەخت ئۇ نېمە؟
— بىر تامچە شەبنەم بوپ سىڭگىن تۇپراققا!
ئاسماندىن سورىدىم:
— ماماتلىق نېمە؟
— روھىڭ ئاھاڭ بولسۇن ئۆلمەس قوشاققا!
بىز مەغرۇر ئالەمنىڭ خوجايىنى دەپ،
كەپتىمىز ئۇزۇندىن شۇنچە كۆرەڭلەپ.
ھەقىقىي هاياتلىق ھەم چىن مۇھەببەت،
پاكىز بەخت ھەم ئىنسانىي ئۆلۈم،
ئىست بىزگە بولماپتۇ قىلچىمۇ نېسىپ!
تاغ بولساق ۋە ياكى دەريا بولساقچۇ،
ياكى زېمىن، ساما بولساقچۇ؟!
ياق،
زېمىن ئۇلۇغدۇر، تاغلار زەبەردەست،
دەريا خىسلەتلىك، ئاسمان مۇقەددەس.

يەنىلا ئۆزىمىز بولايلى، جەۋھىرىمىز كەم،
ئادەم بولايلى (يارىماس ئادەم) !

1998-يىل فېۋرال، تۇرپان

# خىيال بوشلۇقۇمدا بىر قىز

خىيال بوشلۇقۇمدا يۈرمەكتە بىر قىز،
يالىڭاچ تېنىدىن چېچىپ تال-تال نۇر.
مەن سۆيگۈ پەيزىگە بولغانچە غەرق،
شەھۋەت پەللىسىدە سۇرىمەن ھۇزۇر.

خىيال بوشلۇقۇمدا يۈرمەكتە بىر قىز،
قارا پۈركەنجىگە ئورىنىپ تامام.
مەن بەڭۋاش كۆزۈمنى ئەپقېچىپ ئۇندىن،
ئەدەپ تەقىبىدىن سالماقتىمەن تام.

خىيال بوشلۇقۇمدا يۈرمەكتە بىر قىز،
يېنىدا بىر مەسۇم كېلەر پىلتىڭلاپ.
مەن ھۆرمەت تۇسىدە يوللىدىم سالام،
قەلبىمدە ئانىنىڭ ئوبرازى چاقناپ.

خىيال بوشلۇقۇمدا يۈرمەكتە بىر قىز،
. . .

1998-يىل فېۋرال، تۇرپان

# سۆيگۈ ھالاكىتى

قارا كېچە ۋەھىمىدە لۇغۇلدار ئاستا،
جىمجىت تۈننىڭ پەنجىسىدە ئېزىلەر ئىسىم.
تاشلىنىدۇ دەردلىك ئاياغ زېمىندا بوشلا،
تەگسىز ئويلار تىترىشىدىن ئۆزگە ئاۋاز جىم.

جۈپ كۆزلەرنى ياش كەلكۈنى چۆكتۈرگەن تامام،
ئەركىنلىكنىڭ سىگنالىنى چالماقتا يۈرەك.
داۋالغۇيدۇ ئەڭ ئاخىرقى مەيگە تولغان جام،
يوپۇرىلار يىراقلاردىن لەززەتلىك تىترەك.

روھنى چىللاپ كۆز قىسىدۇ سامادا يۇلتۇز،
دەردكە ئوخشاش قېتىپ قالغان ھاۋامۇ شۇ تاپ.
تومۇرلارنى ئېرىتمەكتە ئەسەبىي تومۇز،
قانلار چېچەك بولۇپ رەت-رەت ئېچىلغان چاقناپ.

كەچمىشلەرنىڭ تارلىرىدىن چىلىنماقتا كۈي،
خاتىرىلەر نوتىلاردىن سىرغىيدۇ مۇڭلۇق.
پەقەت ئۈمىد بولۇپ يانار ئۇچقۇنغا ئوخشاش،
نىمجان يۈرەك مەركىزىدە يېگانە چوغلۇق.

رەڭۋاز سۆيگۈ، سۇلغان چوغلۇق، ئەسەبىي نەپەس،
بوغۇزلانغان ساداقەتتىن ياسىلار قىيان.

ئەڭ ئاداققى ساپ مۇھەببەت ماماتلىققۇ بەس،
لەيلەپ چۈشكەن بەرگلەردەك توزۇپ تۆگەر جان.

چىرىگەن تەن تەلپۈنۈشىنى سەزمەيدۇ ئەسلا،
بىر دەقىقە ھۇزۇر بىلەن پۈتمەكتە تەقدىر.
يۈرەكلەرنىڭ قاراسلىشى ئاڭلىنىپ بوشلا،
روھلار سوڭغى بالاغەتتىن تىترەيدۇ دىر-دىر.

خەير دەيمەن شۇندا گۈلۈم، ئۆرتىسە يالقۇن،
ئادەملىكنىڭ ھەم ۋىجداننىڭ سورۇلسا كۆلى.
تېنىم پارچە-پارچە بولۇپ چاچرىتىپ ئۇچقۇن،
سېنى ياساپ چىقار قايتا مەھشەرگاھ كۆنى. . .

1998-يىل ئىيون، تۇرپان

# تاش

سەن ئاداققى قەلبىم كۆكىدە،
ئايلانغاندا نەپرەتلىك ياشقا.
ئەقىدەمدىن دولقۇن ياساپ مەن،
ئۆرۈلىمەن قىسمەتلىك تاشقا.

بىر ساماۋى يۇرەكتۇر بۇ تاش،
كەلمىش، كەتمىش نىشانىسى ھەم.
ۋىسال، ئازاب تاسقىلىپ بىر-بىر،
ئايلىنىدۇ ئۇنىڭدا ئالەم.

ئىرالارنىڭ مەركىزى بۇ تاش،
سۆيۈش ئاڭا پۈتەر ھاياجان.
تىمتاس جىسمى ئېچىلدۇرۇپ گۈل،
تومۇرلاردا جۇشقۇنلىتار قان.

تاش گۈلىدىن چوغلانسا ئېسىم،
شاللاق روھىڭ توزۇيدۇ پەيدەك.
مەن سىڭىمەن تېنىڭگە قايتا،
سۆيگۈ تولغان بىر قەدەھ مەيدەك.

سەن ئاداققى قەلبىم كۆكىدە،
ئايلانغاندا نەپرەتلىك ياشقا.

مەن ياپرىقى بولۇپ ھاياتىنىڭ،
قوشۇلىمەن قىسمەتلىك تاشقا.

1998-يىل نويابىر، تۇرپان

# قۇرۇغان گۈل

يۈرىكىمنى ئاستا ۋاراقلاپ،
تېپىۋالدىم كۆرۈپ بىر گۈلنى.
يىلتىزلىرى بولسىمۇ چوڭقۇر،
سۇلغۇن چېھرى ئېزەر كۆڭۈلنى.

ياپرىقىدا قىسمەتلىك شەبنەم،
مەھكۇملۇقتىن قۇرۇغان بەرگى.
ئىشقىسىز تەن، چۈشىسىز كېچىدىن،
باھار ئىزدەپ ئۆكسۈيدۇ ئەركى.

شورلۇق تۇپراق بولغان ئاشيان،
تەقدىر يېشى ئۇنىڭغا ئوزۇق.
ئەقىدىسى بۇقۇلدار قان-قان،
كەلمىشى نۇر، كەتمىشى تۇتۇق.

بىر چاغ ماڭا سىرغىتقان ئوتلۇق،
يۈرىكىدىن تارام-تارام جان.
ئاھ، قۇرۇغان بولسىمۇ بۇ گۈل،
يىلتىزى بار يۈرەكتە پىنھان.

1998-يىل نويابىر، تۇرپان

# ۋىسالسىز سىنتەبىر

سىنتەبىر سەن ۋىسال تىپىپ كۆكلىگەن ياشناپ،
مېنىڭ جىمجىت قەلبىم ئارا شاخلىتىپ يىلتىز.
كەۋسەر سۆيۈك شەربىتىدە ياپرىقىم چاقناپ،
زەرەتلەردىن داۋالغۇيتتى سۆيگۈلۈك دېڭىز.

بۇندا ھەممە قۇياش كەبى تۆكەتتى مېھىر،
تۇغۇلاتتى چىن ئەۋجىسى بىلەن مۇھەببەت.
ۋۇجۇدلارنى قىيام قىلغان ئىلاھىي سېھىر،
تاۋلار ئىدى ئەبەدىيلىك ئىمكانىنى رەت-رەت.

ئېھ سىنتەبىر، ماڭا ئىدىڭ ئىككىنچى باھار،
باغرىم ئوتلۇق كۆكرەكلەردىن ياسايتتى كۆرەك.
دەرىخ، بۇگۇن ساھىلىڭدا تاۋلانماقتا قار،
چوغلۇق ئىزدەپ كەلمەكتىمەن باغاشلاپ تىترەك.

قېنى بۇندا كەچمىشلەرنى تاڭغان ياپراقلار،
كۆز ياشلاردىن يۇيۇلغان تۇن، چەيلەنگەن چىمەن!؟
قېنى قىزغىن نەپەسلەردىن ئۆچكەن چىراغلار،
قېنى روھقا تەسلىم بولغان تىترەڭگۇ بەدەن؟!

قامالىغان بۇندا ئۇدۇم مەڭگۈلۈك چوغنى،
تەرك ئەتكەن مۇھەببەتنى تامام سىنتەبىر.

پەقەت يۈرەك پۇلاڭلىتار ھالسىزلا تۇغنى،
كۆۋەجەشنى كۈتۈپ ياتار يېگانە ئېدىر. . .

1998-يىل نويابىر، تۇرپان

# سۆيگۈ قەپىسى

قەلبىم چوڭقۇرىدا ئۇزدۇڭ نەچچە يىل،
بىردىن ئۇچۇپ كەتتىڭ كۆككە پەر قېقىپ.
تومۇرۇم پەرۋازغا بولغاندا ئىجىل،
قۇشسىز ئۇۋا قالدى نىشانسىز ئېزىپ.

ياپراقلار تۇغۇلدى، جىلمايدى باھار،
قۇشلار قايتىپ كەلدى ئاتەش ماكانغا.
بىچارە ئۇۋامنىڭ تەقدىرى تارمار،
تەلمۈرۈپ كەلمەكتە گۈزەل ئىمكانغا.

بىلدىم يات ئۇۋىنى قىلىپسەن ماكان،
ئازاب كەلمىشىدىن ياسىدىم تەقدىر.
قەلبىم ئىچرە قۇرۇپ ئىلاھىي قەپەس،
شەپقەتسىز سۆيگۈنى قىلدىمەن ئەسىر.

مانا قەپەسىمدە ئۇنلەيدۇ سۆيگۈ،
مىسكىن يۈرىكىمگە بېغىشلاپ ھۇزۇر.
خائىن تۇيغۇلارنى قوغلاپ ئەبەدىي،
بەندىلىك سۆيگۈدىن ياسايمەن غۇرۇر.

1998-يىل نويابىر، تۇرپان

# ئازابلىق ئۇچرىشىش

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كۆرۈشسەك بەلكىم،
بار بولسا ياندىلا جۆرىمىزمۇ ھەم.
لۆممىدە ياش كەلسە كۆزلىرىڭگە جىم،
ئېپقېچىپ كۆزۈڭنى قىسىلىپ سەنەم.

مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، يۈرىكىم تىترەپ،
لېۋىمنى چىشلەرمەن ئۈنسىز پىغاندا.
باغرىم قان، يالغاندىن سۈس كۈلۈمسىرەپ،
قول بېرەرمەن ئازابتا ھەمراھىڭغا.

بىر ئېغىز سۆزلەشمەي كېتەرمىز ئاستا،
تەشۋىشتە كەينىڭگە قويارسەن قاراپ.
مەن قاتتىق نوقۇشتىن كېلىپ ئېسىمگە،
قەلبىم ياش، قايتارمەن جۆرەمنى ئالداپ.

شۇ قەدەر قىسىلىش، ئاھ بۇنداق ئازاب،
ياسايدۇ قەلبلەردە دەھشەتلىك قىيان.
پۈتكەن جاراھەتلەر قايتىدىن قاناپ،
قىسمەتلىك تۈيغۇلار بولغۇسى نىمجان.

ئۇچراشمايلى شۇڭا ئەمدى ئەزىزىم،
ئۆتەي پەقەت سېنى يىراقتىن ئەسلەپ.

كۆرسەم سىنى قايتا، يوقالسا ئىسىم،
ھەرگىز ئىغىز ئاچما ئاھ، ماڭا دەسلەپ.

# كەلگۈسىڭدىن سىناق ئالار ھەر داۋان

ھايات نېمە، جانغا ئېكەك ئازابمۇ؟
يا بىر قەدەھ سۆيگۈ تولغان شارابمۇ؟
ياكى چۆلدە جىمىرلىغان سەرراپمۇ؟
بۇ سوئاللار دىلدا ئىدى ھۆكۈمران.

ئاقىل دېدى: ھايات دېگەن مەنىدە،
سەن ياراتقان ئەجىر، تۆھپە شەنىدە،
ئۆزۈڭ كولاپ ئىچكەن سۇنىڭ تەمىدە،
شۇدۇر ھايات مەركىزىدە كۈلگەن جان.

ھايات ئىنسان ئۇچۇن گويا بىر كۆچەت،
پەرۋىش قىلساڭ مېۋە بېرەر داۋامەت،
بىپەرۋالىق قۇرۇتىدۇ ئاقىۋەت،
ساڭا باغلىق قۇياش بولۇش يا تۇمان.

ئويلاپ قالدىم: بىزنىڭ ھايات نە ھالدا؟
قورساق، ئويۇن، شۆھرەت غېمى خىيالدا،
پۇلنى كۆزلەپ ئۆتەر كۈنلەر سوئالدا،
مۇشۇ يولدا تۆكۈشىمىز ھەتتا قان.

قورساقتا بىر ئېلىپىنىڭ تايىنى يوق،
گىدىيىمىز باشقىلارغا قىلىپ دوق،

بىزدە تەييار تۆھمەتلەردىن پۈتكەن ئوق،
خەق يىغلىسا، بىز كۈلىمىز خىرامان.

•

بەسلىشىمىز ھەشەمەتتە، شۆھرەتتە،
بىر مەنە يوق بىز يىغلىغان سۆھبەتتە،
سورۇنىمىز قىزىپ كېتەر غەيۋەتتە،
داغۋازلىقتىن قازنىمىز شەرەپ-شان.

يامان ئادەت يۇقار بىزگە شۇنچە تېز،
شەھۋەتخورلۇق، مەيخورلۇقتا بىز ئېتىز،
خۇشامەتنى تالىشىمىز ئىككىمىز،
مەن يىقىلسام، سەندە خۇشال ھاياجان.

تۆۋەن بولسا باللارنىڭ ساپاسى،
كەلگۈسىدە ئېغىر بۇنىڭ جاپاسى.
بۇلغانسا بۇ ئەزىز يۇرتنىڭ ھاۋاسى،
پاكىز نەپەس ئېلىشقىمۇ يوق ئىمكان.

قېنى بىزدە بوۋىلاردىن قالغان نۇر،
تاغنى تالقان قىلغان شەۋكەت ھەم غۇرۇر،
ئەقلىمىز گال، سۇرەلمەيمىز چىن ھۇزۇر،
ئەسىر بولغان قۇيۇنلارغا ئالامان.

ئويلا مىڭ يىل سۇ قۇيۇلدى دەرياغا،
يېڭى ئەسىر قۇچاق ئاچتى دۇنياغا،
ئاۋام قەلبى چۆمۈلدى نۇر-زىياغا،
كەلگۈسىدىن سىناق ئالار ھەر داۋان.

مەرىپەتتىن ياسا ئەمدى گاڭ قانات،
ئەقىدە ھەم جەسۇرلۇقنى قىلغىن ئات،
مېھنىتىڭدىن قۇرداشلىرىڭ بولسۇن شاد،
شۇندا سېنى ئوغلۇم دەيدۇ ئەل ھامان.

2000-يىل يانۋار، تۇرپان

# جىمجىتلىق

جىمجىتلىق
پەرۋاز قىلار تاملار ئۈستىدە.
دېرىزىدە لاۋۇلدايدۇ ئوت،
قۇياش بەرگى تۆكۈلەر سىم-سىم،
تۇيغۇ مەركىزىدە ھۆكۈم سۈرەر جۇت.

ئورۇندۇقلار، ئۈستەللەر،
چۈشلەر كەلكۈنگە بولۇپ كەتكەن يەم.
غېرىبسىنغان كىيىم ئاسقۇچمۇ
خىرە كەلگۈسىگە تۇتىدۇ ماتەم.

جىمجىتلىق مەركىزىدە،
دەھشەتلىك چىرقىرايدۇ بىر مىسكىن يۈرەك.
ئۇ سۆرىلىپ يۈرەر قەغەز ئۈستىدە،
تامچە قانلاردىن ياساپ ھەم پورەك.
ئۇنىڭ تىترىشىدىن،
تەۋرەيدۇ قەلەم، تەۋرەيدۇ ھەممە.
بىراق جىمجىتلىق،
ئۈستەل ئۈستىدە ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
مىسكىن يۈرەك،
قۇرلار قىسمىقىدا بولماقتا چۇل-چۇل.

2000-يىل، تۇرپان

# ئايال

شەكىلسىز زىندانىنىڭ گۈندىپايىسەن،
رايىش ئەر
سىنىڭ مەھبۇسۇڭ،
تۇزۇملەر پورەكلىگەن كىچىك دۇنيادا
تەنتەنە قىلار تەنها نوپۇزۇڭ.

سۇلياۋ كەبى ياسالغان يۈزۈڭ،
ساختا تۇيغۇلارنى قىلىدۇ جەۋلان.
مەنپەئەتىڭنى چىشلەپ چۆمۈلە
يىرتىلسا نىقابىڭ
كۆزۈڭدە تىپچەكلەيدۇ ۋەھشىي هاياجان.
مۇلايىملىقىڭ
قاغجىراق قەلبلەرنىڭ سىم-سىم يامغۇرى.
لېكىن
ئۇنىڭدىن باشلانغان دەھشەتلىك توپان،
ۋەيران قىلار ھەتتاكى نوھنى.

يېپيېڭى گالستۇك، پاك-پاكىز پايپاق،
سىنىڭ غۇرۇرۇڭ.
رەڭدار لىباس ئاستىدىكى ساختا شۆھرەتلەر،
پۇتمەس ھۇزۇرۇڭ.

زەنجىرلەنگەن پىرومىتى،
ئوت ئوغرىلاش ئۈچۈن ئىنتىلەر سىرتقا.
سەن كۆندەشلىكنىڭ باياۋىنىدا،
ئايلىنىسەن شۇ مىنۇتلاردا،
كۆرسۈكقا كىرگەن غالجىر بىر ئىتقا.

2000-يىل، تۇرپان

# مىسكىنلىك جەۋلانى

چاچماقچى بولۇپ مىسكىنلىكىمنى،
قانسىز جىسمىمغا ئۇردۇم شەمشەرنى.
ھەر بۆلىكىمدە بىر مىسكىن يۈرەك،
ياساپ چىقتى ئۇ چەكسىز مەھشەرنى.

ئۇندا كۆيەر روھىم لاۋۇلداپ،
ئۇچۇپ چىقار يالقۇندىن ئەنقا.
خاسىيەتلىك قانىتى بىلەن
مەجرۇھ يۈرەكلەرنى
سىيپاپ ئۆتەر تىنۇشسىز، بوشلا.

ئاھ، ئازاب سۆيىدە ياشىرىدۇ جان،
مىسكىنلىكتىن جۇشقۇنلايدۇ قان.
مەن ئەنقانىڭ ئۇنتۇلغان پېيى،
ياساپ چىقىمەن ئۆزۈمنى قايتا.
شەمشەر، ئوت، تامچىلىغان قان،
ئوربىتامدا ئايلىنار ئاستا.

مىسكىنلىكىم جەۋلان قىلار ئەبەدىي،
ئادەملىكىم تىپىچەكلەيدۇ ئەسەبىي.

2000-يىل، تۇرپان

# تۇننى سېغىنىش

خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسى، جىم
مېنى بىردىن قىلغاندا پايخان.
قىزىلگۈلگە ئايلىنىپ تېنىم،
قىز كۆكسىدە ياسايدۇ گۈلخان.

بەرگىلەرنىڭ چاقنىشى يارقىن،
ياپراق ئۆزرە قانىنىڭ سايىسى.
مۇزدەك چۈشلەر ئالالمايدۇ تىن،
گۇمران بولار تۇننىڭ غايىسى.

تېپىچەكلىمەس بۇندا يۈرىكىم،
يا رىتىمدىن چىقمايدۇ تىنىق.
شۇنچە روشەن، نەپرەتلىك ئىسىم،
چۈشەكەيدۇ ۋىجداننى ئېنىق.

قۇياشلىق كۈن، قانلىق يوپۇرماق،
بېغىشلىماس ھاياجان ھەرگىز.
تېنىم بىھوش، ھېسلىرىم چاڭقاق،
ناھات، قېنى مەن سۆيمىگەن قىز؟!

2000-يىل، تۇرپان

# روھ قۇشى

خوش دېمەيمەن ساڭا ئەي باھار،
كەتسەڭ يەنە كېلەرسەن چوقۇم.
پەيلىرىڭدىن توزۇغان ئاق قار،
بولار مېنىڭ ئاداققى ئوقۇم.

ئاتتىم ئوقنى، يىقىلدىم ئۆزۈم،
بۇلدۇقلىدى كۆكرىكىمدىن ياش.
ئىمانىڭغا ئايلاندى سۆزۈم،
مەسخىرەڭدىن قارايدى قۇياش.

سوۋۇغان تەن ئۇچۇردى قۇشنى،
ئۇ سايرايدۇ كۆكسۈمگە قونۇپ.
چالغىتمىغىن ئىمكانسىز چۈشنى،
ئاھ، سىلاپ قوي بېشىنى تونۇپ.

خوش دېمەيمەن ساڭا ۋە لېكىن،
خوش دېيىشكە مەجبۇر ئۆزۈمگە.
قەپىسىڭگە مىخلاندى روھىم،
سەنمۇ قۇچاق ئاچقىن ئۆلۈمگە،
پۈشتەك چالغىن مەھشەر كۈنۈمگە.

2000-يىل، تۇرپان

# زېرىكىش

قىستاپ مېنى ئاداققى دەمگە،
تاقىتىمنى تۇزۇتتى ئاستا.
تىت - تىتلىق
يۈرەك مەركىزىگە ئۆمىلەپ كىرىپ،
پاكلانماقچى بولدى كۆز ياشتا.

چاچلار
بارماقلار غەلۋىردە تاسقالدى رەت-رەت.
ناخۇشلۇقنىڭ رەڭسىز كۆكىدە،
ئۇچۇپ يۈرەر ئاداققى ھەسرەت.

قارىچۇقلارنىڭ قەدىمى
يۆتكىلىدۇ تىنىمسىز ھامان.
مەقسەت بېكىتى تۇمانغا مەھكۇم،
مەجھۇل تىلەكلەر يىغلايدۇ يۇم - يۇم،
ھېچنېمىلەرنىڭ چوڭقۇرىدا
تېپىچەكلەيدۇ مەقسەتسىز ئارمان.

2000-يىل، تۇرپان

# پۇتمىش چۇقانى

يىراق قىرلار مەركىزىدە چىمەنسەن،
خۇش پۇرىقىڭ مەپتۇن قىلار يۇرەكنى.
تىكىنىڭنىڭ جەزبىسىگە يىقىلدىم،
پۇتتۇم ھالسىز مىسرالاردىن تىلەكنى.

پورىكىڭنىڭ شەمشەر كەبى بەرگىدە،
كەلدىڭ سانسىز ئىرالارنى تاراشلاپ.
ئالمىلىق باغ قانىتىڭغا ئايلاندى،
كەچمىشلەرنىڭ قولى سىنى باغاشلاپ.

غۇرۇرۇڭدىن پۇتكەن ئالتۇن تەختتە،
ھۆكۈمرانلىق قىلدىڭ ھىسسى دۇنياغا.
مەسۇم كۇلكەڭ قىسسىلەرنى ياراتتى،
جەزبىڭ بىلەن سۆيگۇ قاتتىڭ دەرياغا.

جادۇ كۆزۇڭ بولدى مەھشەر ئىشكى،
ئاۋۇپ ئۇندا نەچچە يۇرەك، نەچچە تەن.
پاك تۇيغۇدا بولدۇڭ تالاي ھامىلدار،
ھالقىشلاردىن ياساپ چىقتىڭ بىر ۋەتەن.

ئۇندا جىمجىت تەكلىماكان شاۋقۇنلار،
سەن يالىڭاچ قۇم سىھرىدە يۇيۇندۇڭ.

سۆڭەكلەردىن ئاپرىدىلەنگەن بوۋاقنى،
مېھرىڭ بىلەن ئەمدۈرۈشكە تۇتۇندۇڭ.

ھېيتگاھتىكى مىسكىن ئەزان ئاۋازى،
ساڭا پاكىز غالجىرلىقنى ئۆگەتتى.
رۇجەكلەرنى چېقىۋەتتىڭ، ئىستەكلەر —
سېنى مۇدھىش كېچىلەردە تۇنەتتى.

مەخمۇد بوۋام ئوقۇپ قويدى نىكاھنى،
ماغدۇرى يوق ھالسىز بىر شېئىر بىلەن.
تامچە - تامچە قان سىرغىتتىڭ ھۇجراڭدا،
ياراتتىڭسەن بىر ئۇپۇقنى گىرىمسەن.

قەلبىڭدىكى شۇنچە ھەيۋەت چۇقاندىن،
يوللىرىڭدا چېچەكلىدى جاراھەت.
تەتۈر چېقىن ئۆرتەپ گۈڭگا ھاياتنى،
بېغىشلىدى مېھنىتىڭگە پاساھەت.

قىزىل چىراغ توسالمىدى يولۇڭنى،
غالجىرانە خەنجەر ئۇردۇڭ پۇتمىشكە.
ياشلىرىڭدىن رەڭ تۇزىدى يالپۇزلار،
كەلگۈسىنى تەقدىم قىلدىڭ ئۆتمۈشكە.

ھاۋا ئانا مۇز ئۇستىگە يىقىلدى،
كۆيگەنىدى شۇندا مۇزدا ھەيۋەت ئوت.
بىر تال ئۇچقۇن ساڭا چاچراپ ئېھتىمال —
بولدى تېنىڭ تۇننى توسقان ئاق بۇلۇت.

چاقماق چېقىپ، يامغۇر تۆكەر يۈرىكىڭ،
قاغجىرىغان مۇھەببەتنى سۇغىرىپ.
ئادەم ئاتا چۈشەپ جەسۇر ئەۋلادنى،
ياسار قايتا لاينى ئوتتا يۇغىرىپ.

قەلەم ئاشۇ بۈيۈك ئوتتا ئۆچلاندى،
ئىشقىڭ ئارا سىرغىپ چىقتى ئاستا جان.
مۇھەببىتىڭ يىلتىزلارنى ياشارتتى،
ئىپار چاچار سەن ياسىغان گۈلىستان.

2000-يىل، تۇرپان

# قىسمەتكە سىغىش

يىراق ئۆتمۈش قىرغىقىدا يۈردۈم تەمتىرەپ،
كەچمىشلەرنىڭ ئىسكەنجىسى باستى تۈيغۈمنى.
رېئاللىقتىن چىقتىم قاڭقىپ غەپلەت كۈيىدە،
مەستخۇش بولغان ئىستەكلىرىم چىللاپ ئۈيقۇمنى.

شۈنچە لەززەت هاياجاندا ئەيلىدىم پەرۋاز،
تەكرار ـ تەكرار مەۋھۇم سۆيۈش پورەكلەتتى جان.
ئەپسۇس مىڭلاپ نادامەتلىك قوللار باغاشلاپ،
چىنلىق مەسۇم ئەقىدەمدىن سىرغىتاتتى قان.

ياشاش ناملىق ماركا مېنى كەلمەكتە قوغلاپ،
بۆرچ ئارا پۈتكەن تىغلار قىلار تەنتەنە.
مەن خىيالىي جەننىتىمدىن ئىزدەيمەن رەيهان،
يىراق دوزاخ بولۇپ چىللار مېنى ئەنئەنە.

خەير دېدىم يىلتىزلارنىڭ تىترەشلىرىگە،
ياشىمايمەن قوۋزىقىمدا ئۈنسىز ئۆكۈنۈپ.
پەقەت ياپراق كەبى سىغىپ قىسمەت قەهرىگە،
پاساهەتنىڭ تۈغۈمىنى كېلەي ئۆگىنىپ.

2000-يىل، تۇرپان

# شاھ بولغان شائىر

تاكسىلارنىڭ ئاياغلىرىدىن
سويۇلماقتا شەھۋەتخور يوللار.
پىيەنچۇكنىڭ كۆزلىرىدەك قىپقىزىل،
ھەمدە خۇنۇك يانار چىراغلار.
مەست جانان
بېشىغا كىيمەكچى بولۇپ شەھەرنى،
كىيىلىپ قالغان ئۆزى شەھەرگە.
يۇلتۇزلار ھەسرەت چېكىپ دەردلىك كەچمىشتىن،
تارىخنى باشلاپ ماڭار سەھەرگە.

شائىر
قايتىپ ھەقىقىي ئادەملىكىگە،
زېمىننى باغاشلاپ ياتىدۇ تەنھا.
لېۋىدە غۇبارسىز سۈس كۇلۇمسىرەش،
ھەر بىر تىنىقىدىن چاچرايدۇ مىسرا.
مىسرا، مىسرا...
ئۇزۇك ـ ئۇزۇك چىقار توختاۋسىز،
تولۇپ كەتتى كائىنات شېئىرغا.

مىسرالاردا كۇيلىنەر سۆيگۇ،
تەكلىماكان، يېشىل يۇلغۇنلار.

مىسرالاردا يادلىنار ئوغۇز،
گىگانت تاغ، جەسۇر دولقۇنلار.

مىسرالاردا يەنە كارا OK ،
سېرىق چاچلىق پاھىشە جانان.
بىرمۇ ئادەم بولمىغان شەھەر،
ئاداۋەتتىن كۆل بولغان جاھان.

شائىر باغرىنى يېقىپ زېمىنغا،
ياتار بۇندا چۇش كۆرۈپ تەنھا.
شۇنچە پاكىز ئۇنىڭ تۇيغۇسى،
روھى شۇ تاپ بولغان پادىشاھ.

2000-يىل، تۇرپان

# شەيتان بەزمىسى

لەۋلىرىمدە كۈلكە جەۋلانى،
كۆزلىرىمدە شەھۋەت قىيانى.
سەير قىلماق بولۇپ كۆكسۈڭنى،
ئەسىر قىلدىم نازلىق ھۆسنۈڭنى.
قۇلىقىڭغا ئوقۇدۇم دۇرۇت،
پىلتە بولدى جەزبىدار بۇرۇت.
نىگاھىڭغا شۇڭغۇدۇم رەت-رەت،
تىنىقىڭغا پۈركۈپ مۇھەببەت.
كىرىشتى چىك ئوتلۇق بارماقلار،
بىر - بىرىنى ئىلدى قارماقلار.
تەنلەر بىردىن تاشلىدى قاسراق،
ھاياجاندىن كېرىلدى چاناق.
ئىككى بۆرە ئېتىلغان كەبى،
ئىككى چاقماق چاقتى ئەسەبىي.
جۇپلەشكەندە غالجىر ياچىۋەك،
بىر - بىرىنى يەۋەتكىنىدەك.
يېپىشمەكتە ئىككى روھ شۇ تاپ،
سۆيگۈ، تىنىق، تەن، روھنى قاساپ.
لاۋۇلدايدۇ كارىۋاتتا گۇلخان،
تۇتۇن ئىچرە قاقاقلار شەيتان.

2000-يىل، تۇرپان

# كۈتۈش

قەھرىتاننىڭ تىنىقى ئېغىر،
تورۇك - تورۇك تۆكۈلىدۇ مۇز.
كۈتۈشلەرگە يەم بولغان ئېدىر،
ئاياغلارغا چاچرىتار تومۇز.

بۇندا كۈتۈش شۇنچىلىك دەھشەت،
ئەسلىدىلا كەلمەس ھېچكىممۇ.
بەلكىم ساقلار باھارنى پەقەت،
زارىققىنى ياكى ئۆلۈمدۇ؟

ئايلار، يىللار ئۆتەر ئىز بېسىپ،
ئالماشمايدۇ بۇ يەردە پەسىل.
زىمىستاننىڭ باغرىنى كېسىپ،
نېمىنىدۇر كۈتىدۇ بىر دىل!

2000-يىل، تۇرپان

# مەيلى شەيتان بولاي ئۆنتۈپ كۆلكىنى

چاچلىرىڭنىڭ جەزبىسىگە يىقىلدىم،
چىقالمىدىم نىگاھىڭنىڭ تورىدىن.
كىرپىكىڭگە تامچە ياشتەك ئېسىلدىم،
سايە بولدۇم لەتاپىتىڭ نۇرىدىن.

زىننىڭدا مۆدۈرۈلدۈم ھالسىراپ،
گۈلدەك لېۋىڭ بىدار قىلدى ئەقلىمدىن.
ئۈنچە چىشىڭ كۆرۈنگەندە پارقىراپ،
كەچتىم ئۆمۈر بويى تۇتقان ئەھدىمدىن.

بىر جۈپ ئالماڭ مەيىن تىترەپ ئۆتكەندە،
لاپ قىلىپلا ئوت تۇتاشتى كۆكسۈمگە.
پەزىلەتىڭ نۇرى دىلدىن ئۆچكەندە،
يالماۋۇزدەك چاڭگال سالدىم ھۆسنۈڭگە.

جىنايەتكە تۇتقۇن بولدۇم بىقارار،
يالماپ كەتتى ئەسەبىيلىك كەلكۈنى.
سەۋەپكارسەن بارچە ئىشقا ئەي نىگار،
مەيلى شەيتان بولاي ئۆنتۈپ كۆلكىنى.

2000-يىل، تۇرپان

# ساخاۋەت

بۇ دۇنيادا ياشىدىڭ ئادەم،
ساخاۋەت قىل ئۆزگىگە ھەر دەم.
ھىممىتىڭدىن ياشنىسۇن جانلار،
خىسلىتىڭنى يادلىسۇن ئالەم.

ئوقۇيمەن، دەپ ياش تۆكەر يېتىم،
تەنھا بوۋاي يوقسۇزلۇقتا جىم.
كۇپايىدۇر ھوشسىز بىمارغا،
يەتكۈزسەڭ گەر سۇدىن بىر تېمىم.

سەندىن كەتسە كېتىدۇ نېمە،
تامچە پۇلۇڭ يا ئىللىق كۈلكە.
سەن مېھرىنى يەتكۈزگەن ئادەم،
تولدۇرىدۇ قەلبىڭنى گۈلگە.

ھەممە ئىنسان قىلسا ساخاۋەت،
بۇ دۇنيادا قالمايتتى ھەسرەت.
ياشناپ كەتسۇن قەدىردان خەلقىم،
بىر-بىرىگە يەتكۈزۈپ شەپقەت.

2001-يىل ماي، تۇرپان

# سەھرادىكى مۇئەللىم

يىراق سەھرادا، توپىلىق يولدا،
ماڭار مۇئەللىم نۇر كەبى يېنىپ.
كىچىك پەرىشتە، مەسۇم بالىلار،
پەرۋانىلەردەك كېلەر ئەگىشىپ.

بىرنى ھاپاش قىپ، بىرنى يېتىلەپ،
ئېلىپ كېلىدۇ كۇندە مەكتەپكە.
ئوقۇغۇچى گويا يۈرەك پارىسى،
ۋۇجۇدى تولغان مېھىر-شەپقەتكە.

تاپشۇرۇق كۆرۈپ خىلۋەت كېچىدە،
ئېتىپ كېتىدۇ تاڭلار قانچىلاپ.
مۇنبەردە تۇرۇپ، توزغاقلار يۇتۇپ،
خوراپ بارىدۇ ئۆمرى تامچىلاپ.

يىراق سەھرادا ئىشچان مۇئەللىم،
سەبىي قەلبىنى يورۇتقان چىراغ.
ئەجرى مىننەتسىز، ئۇلۇغ روھىدىن،
بولغۇسى ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسى پارلاق.

2001-يىل ماي، تۇرپان

# ياشنىسۇن مېھنەت

بۇ دۇنيانى ئاۋات قىلىپ ياشنىسۇن مېھنەت،
قەلبلەردە ئۇدۇم بولۇپ چاقنىسۇن مېھنەت.
ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلاپ سېھرىدە،
ئەۋلادلارنى كەلگۈسىگە باشلىسۇن مېھنەت.

دېھقانلارنىڭ كەتمىنىدىن يارىلار دۇنيا،
ئىشچى ياسار جۇپ قولىدا ئىمارەت، بىنا،
ئۇستاز قازار ھەر قەلبتە مەنىۋى دەريا،
ئەجدادلارنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلىسۇن مېھنەت.

گۈل ئۇنىدۇ مېھنەتكەشلەر ئاچقان سوللاردىن،
سۆيگۈ تامار، دىللار ياشنار ئىشچان قوللاردىن.
دەۋر چاقى ئالغا باسار ئاتەش يوللاردىن،
ھەر كىشىنى ھۇزۇرلۇقتىن ساقلىسۇن مېھنەت.

بۇ دۇنيانى ئاۋات قىلىپ ياشنىسۇن مېھنەت،
ئەۋلادلارنى كەلگۈسىگە باشلىسۇن مېھنەت.

2001-يىل ماي، تۇرپان

# سەنئەت

ئانا تۇرپان سەنئەت ماكانى،
ئىلمۇ - ئىرپان، خىسلەتنىڭ كانى.
قىسمەتكە باي يىللار قوينىدا،
پورەكلىگەن ئەجدادنىڭ شانى.

بۇ دياردا ھەر بىر يۇرەكتىن،
كۈي تۆكۈلەر ئوتلۇق تىلەكتىن.
ناخشىلار كۈچ، ناخشا مۇھەببەت،
گۈل پۇرايدۇ ھەر بىر ئېتەكتىن.

مىڭ ئۆيلەردە كۈينىڭ ئاۋازى،
بىنادىمۇ ناخشا پەرۋازى.
سەنئەت بىلەن ھالقىيمىز ئەسىر،
قۇت ياراتساق خەلقىمىز رازى.

خەلقىمىزنىڭ مۇڭ - زارى سەنئەت،
خۇشاللىقى، ھەمكارى سەنئەت.

2001-يىل ماي، تۇرپان

# پۇتبول بىلەن ياشنايدۇ ھايات

دۇنيا ئۆزى رەھىمسىز جەڭگاھ،
پۇتبول ئەرگە بېرىدۇ قانات.
مەيدان ئارا پەرۋاز قىل (يىگىت)،
پۇتبول بىلەن ياشنايدۇ ھايات.

پۇتبول ئەرگە شىجائەت،
پۇتبول بىزگە جاسارەت.

پۇتبول بىلەن ئۆركەشلەر قانلار،
ئەجداد روھى بۇندا نامايان.
پۇتبول بىلەن ياشنايدۇ (جانلار)،
قەدىمكى يۇرت بۇ ئانا ماكان.

پۇتبول ئەرگە شىجائەت،
پۇتبول بىزگە جاسارەت.

1999-يىل، تۇرپان

# گۈل مەركىزىدە بۇلبۇل يۈرىكى

مەن ھېچنېمە ئەمەسمەن،
سېنىڭ ئېڭىڭدا ئايلانغان كۆلگە.
دۇنيا مەئىشتىدە غەرق مەستمەن،
ئۆزگەرمەكچى ئىدىم تىكەنلىك گۈلگە.

ھاراق
گۈل تۈۋىگە تامچىلار ئاستا،
قات-قات بەرگىلەر شىركەيپ بولۇپ.
شەھۋەت تىترىكىدە ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
مىشچان مۇھەببەتكە لىپمۇ لىق تولۇپ.
يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلەر بۇلبۇل.
ئەسەبىي بەرگىلەر چاڭ سالار ئاڭا،
بىچارە بۇلبۇلنى كېتىدۇ تالاپ،
بۇلبۇلنىڭ قۇپقۇرۇق قىزىل يۈرىكى،
گۈل مەركىزىدە قالىدۇ چاقناپ.

1998-يىل فېۋرال، تۇرپان

# قەلبىمىزنىڭ تۆرىدە ئۇستاز

(شائىر رىشىت مەخسۇت ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئۇلتۇرغانتۇق تېخى تۇنۇگۇن،
ھۇزۇرۇڭدا سۆھبەت قۇرۇشۇپ.
مانا بىر يىل ئۆتتۇم ماتەمدە،
قەلبىمدىكى گۇللەر سولىشىپ.

قېرىنداشتەك كۆرەتتىڭ مېنى،
«ئۇستاز» دەيتتىم، ياق ئۇندىن يېقىن.
قېرىنداشقۇ ئەسلى ھەممىمىز،
(يۇرەكلەردە ھەسرەتلىك چېقىن.)

خىسلەتلىرىڭ يولۇمغا ئۇلگە،
ھەر سۆزۇڭدىن ئېچىلاتتى گۇل.
ھېكمەت تولغان ئاپتاپلىرىڭدىن،
نۇر ئالاتتى چاڭقىغان كۆڭۈل.

ئاھ، ناھاتكى، كەتتىڭ تۇيۇقسىز،
ئىدىقۇتتا قۇياش ئۆچكەندەك.
يۇرەكلەردە پايانسىز ھىجران،
دىلىمىزدىن مەبۇد كۆچكەندەك.

كۆزلەردە ياش، يادلايمىز سىنى،
پەزىلەتلىك ئۇستاز قايدا دەپ.
نادامەتتە باقىمىز كۆككە،
ئوبرازىڭنى قوياش، ئايدا دەپ.

كەتكەن چېغىڭ بىلىندى قەدرىڭ،
ئاھ شۇنداقكەن ئىنسان ئەسلىدە.
چۇشلىرىمگە ئۇرىمەن خەنجەر،
سەن ئۇستازنىڭ مېھرى، ۋەسلىدە.

2001-يىل ئاپرېل، تۇرپان

# قۇياشقا يېيىلغان ياش

(لىرىك داستان)

(قەدىردان ئانامنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

پەلەك مېنى سەندىن ئەيلىگەچ جۇدا،
لېۋىمدىن يوقالدى كۈلكە مۇتلەقا.
يۈرىكىمدە چەندان پىراقنىڭ غېمى،
بۇنى بىلەر پەقەت مەن بىلەن خۇدا!
— ھاپىز شىرازى

قۇياشنىڭ يۈزىگە يېيىلغاندا ياش،
تاتاردى بۇ يۈرەك، تاتاردى ئاسمان.
تەڭرىدە بولسا گەر قىلچىلىك ئاياش،
بۇنچىلىك ياش تۆكمەس ئىدىغۇ ئىنسان!؟ . . .

※ ※

يازماقچى ئىدىم مەن بىر تېمىم ياشنى،
ۋە ياكى بىر تامچە مېھرىنى پەقەت.
ئاھ ئانا سەن كېتىپ قانداق ياشاشنى،
بىلەلمەي سورىدىم ياتلاردىن مەدەت.

سەن بولساڭ خۇشلۇقتا ئۆتەتتى كۈنۈم،
سەن بولساڭ ئوينايتتى چېھرىمدە كۈلكە.
بىھېساب پىغاندىن بوغۇلدى ئۈنۈم،
ئۈمىدىم بىردىنلا ئايلاندى كۆلگە.

قارا يەر قوينىغا ئالدى ئاھ سېنى،
كىملەرنى يۇتمىغان بۇ سوغۇق تۇپراق.
سەن تەردىن تىكلىگەن مېھنەتنىڭ تېغى،
نە ئۈچۈن ئەجەلگە ئاچىدۇ قۇچاق؟!

※ ※

ئۆيىمىز پەنەردە يورۇيتتى خىرە،
ئۇيقۇسىز ئۆتەتتى تۈنلەر قانچىلاپ.
دىلىڭدا مەسۇمگە سالاتتىڭ گىرە،
ئەقىدەڭ تاپشۇرۇق ئىچرە تامچىلاپ.

قىرىق جۈپ مەسۇم كۆز ھەم قىرىق قەلب،
ئولتۇرار ئالدىڭدا گويا نۇر بولۇپ.
ئاھ پۇتكۈل زېھنىڭنى قىلغانتىڭ سەرپ،
(ئۆزۈڭنىڭ باھارى مەزگىلسىز سولۇپ.)

جۈپ كۆزۈڭ يۇمۇلدى، قارايدى قۇياش،
ماتەمدە تىترىدى، تىترىدى بۇ جان.
سەل بولۇپ يامرىدى سانسىز كۆزدە ياش،
بۇ دەردكە قانداقچە چىداي ئانا جان؟!

تىنىقىڭ ئۈزۈلدى، قارايدى ئالەم،
بۇ چەكسىز ئازابتىن سەكپارە يۈرەك.
زېمىننى تىترەتتى قايغۇلۇق نالەم،
ئانىسىز ياشىماق ماڭا نە كېرەك؟!

ئاھ تەڭرى يىغلايمەن ساڭا يالۋۇرۇپ،
مەيلى قىل (قۇلۇڭمەن) ئۆمۈرلۈك مېيىپ.
ئانامنىڭ تىنىقى تۇرسا ئۇرۇلۇپ،
پەقەتلا بولسىكەن ماڭا شۇ نېسىپ.

مەيلىتى ھاياتىم — گۈلۈمنى چەيلەپ،
جۇدالىق لېيىغا پاتقۇزساڭ چوڭقۇر.
پەقەتلا تىلەيمەن ئۆلتىجا ئەيلەپ،
كۆتكىنىم: ئەزىزىم ئانامنى قايتۇر!

※ ※

تومۇرۇمدا قان ئىدىڭ — توختىسا قېنىم،
ھاياتىم نېمىدىن تاپار كاپالەت.
تېنىمدا جان ئىدىڭ مۇزلىسا تېنىم،
مۇردىدەك ياشىماق ماڭا نە ھاجەت؟

قەلبىمدە ئىدىڭسەن بۈيۈك مۇھەببەت،
سۆيگۈسىز مۇمكىنمۇ كەچۈرۈش ھايات.
كۆكسىمدە يۈرەتتىم بەھۇزۇر ئەبەد،
ئاھ، قالدىم پەرۋازسىز سۇنغاچقا قانات.

قەلبىمدە نۇر ئىدىڭ ئۆچسە چىرىغىم،
يولۇمنى قاپلارمۇ قاراڭغۇ زۇلمەت.
ئىدىڭسەن ھاياتلىق ئۇچۇن تىنىقىم،
ئۇزۇلسە تىنىق، بۇ — ئۆلۇمدۇر پەقەت.

※ ※

مېھرگە تويۇنغان كۆجۇم مەھەللە،
بۇ يەردە ئىزگۇلۇك قىلماقتا داۋام.
كەلمەكتە كوچىدىن نۇرلۇق پەرىشتە،
ئۇ ئەزىز مۇئەللىم — ئۇ مېنىڭ ئانام.

مەسۇملەر پەرۋانە كەبى ئەگىشىپ،
كەلمەكتە مېھرىگە بولغىنىچە رام.
ئۆتمەكتە ھەر كىشى ھۆرمەت بىلدۇرۇپ،
ئۇ ئەزىز مۇئەللىم — ئۇ مېنىڭ ئانام.

ئوتتۇز ئۇچ كۆكلەمنى، ئوتتۇز ئۇچ قىشنى،
ئۆتكۇزدۇڭ مۇنبەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ،
ئەل سەندىن ئۆگەندى تەرنى، پەرۋىشنى،
بىر قەرنە ھاياتىڭ سۇندى نۇر بولۇپ.

بولدۇڭسەن بىر ئۆمۇر مېھرىبان ئۇستاز،
بارچە ئەل سەن ئۇچۇن بىلدۇردى ھۆرمەت.
تالايلاپ ياز ئۆتتى، تالايلاپ ئاياز،
مېھنەتسىز ئۆتمىدى بىر كۇنۇڭ پەقەت.

※ ※

دەريادەك ياش تۆكۈپ كېلىمەن ھالسىز،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن يۈرىكىم قان ـ قان.
ياشاشقا رىغبىتىم يوقتۇر ھايالسىز،
يېنىڭغا كېتەيمۇ ئەزىز ئانىجان؟!

جاۋاب بەر رەھىمسىز كۆزى كور پەلەك،
نە ئۈچۈن ۋاقىتسىز قايتىدۇ باھار؟
نە ئۈچۈن قۇياشقا يېپىلار ئېتەك،
نە ئۈچۈن زۇلمەتنى توسالماس ناھار؟!

نە ئۈچۈن مېھنەتكەش ۋاقىتسىز كېتىپ،
ئەجىرسىز كىشىلەر كېلىدۇ ياشاپ.
نە ئۈچۈن جۇدالىق يۈرەكنى تىلىپ،
مەسۇملەر قالىدۇ كۆزىنى ياشلاپ...

※ ※

ماتەمدە چېھرىڭنى كۆردۈم سۇڭغى رەت،
يېتىپسەن سوزۇلۇپ پەرىشتە كەبى.
مېھرىلىك كۆزلىرىڭ يۇمۇلغان ئەبەد،
تاشلاندىم ئۈستۈڭگە شۇنچە ئەسەبى.

چاقىردىم مىڭ قېتىم «جېنىم ئانا» دەپ،
ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قىلدىم ئىلتىجا.
سەرسانە توۋلىدىم «ئوغلۇڭ مانا» دەپ،
تاغلاردىن، باغلاردىن كەلمىدى سادا.

سەن ئۈچۈن ئېچىلىپ بولاتتىم خۇشال،
سەن ئۈچۈن كۈلەتتىم شۇنچە بەھۇزۇر.
بىر سېنىڭ قايغۇڭدىن تىترەيتتىم غال - غال،
(سەن ئۈچۈن كىيىنىپ يۈرەتتىم پوزۇر.)

ئاھ، ئەمدى چاقىراي كىمنى «ئانا» دەپ،
كىم مېنى «ئوغلۇم» دەپ باسار باغرىغا.
يېتىملىك دەردىدە تولغانسام ئەجەپ،
تەلمۈرۈپ بارايمەن كىمنىڭ ئالدىغا.

يىقىلسام كىم مېنى يۆلەر ئاۋايلاپ،
بەختىمگە كىم خۇشال بولىدۇ ئورتاق.
كەتسەم گەر يىراقتا كىم قالار يىغلاپ،
كىم مىسكىن قەلبىمنى بىزەيدۇ ئاپئاق...

※ ※

ئۇن - تىنسىز كۆز يۇمدۇڭ ئەزىزىم ئانا،
دەھشەتلىك مىنۇتتا توختىدى تىنىق.
ئاداققى سۆزۈمنى قىلالمىدىم ئاھ،
ئۆكۈنۈش قەلبىمگە تولدى لىپمۇ لىق.

تۇن تەڭدە ئويغىنىپ كېتىمەن بىردىن،
كارىۋاتتا ئۇندەرەپ «ئانا» دەپ توۋلاپ.
يالغۇزمەن زۇلمەتتە ئالالمايمەن تىن،
ياشلىرىم ئاقىدۇ مەڭزىمنى بويلاپ.

تۈيۈقسىز بېشىمنى سىلار تونۇش قول،
شۇ هامان كۆزۈمنى ئاچىمەن چۆچۈپ.
تەنھالىق سانجىلار كۆكسۈمگە ئۇدۇل،
(يۈلتۈزۈم بىمەھەل قالغانكەن ئۆچۈپ...)

※ ※

ھاياتنى ئازابقا تولدۇرار تەڭرى،
ئادەمنى بىر ئۆمۈر يىغلىتىپ زار - زار.
جازايى ھەر مىنۇت بولسىمۇ كەڭرى،
نە ئۈچۈن يۈرەككە يەنە تىغ ئۇرار.

ئانا — ئۇ پەرزەنتچۈن قۇياشقۇ ئاخىر،
نە ئۈچۈن قۇياشنى ئەپ كېتەر پەلەك.
شۇنچىلىك دەھشەتقۇ بالىچۈن تەقدىر،
جۇدالىق تارىغا ئۇرۇلسا زەخمەك.

قۇياشنىڭ يۈزىگە يېپىلغاندا ياش،
تاتاردى بۇ يۈرەك، تاتاردى ئاسمان.
تەڭرىدە بولسا گەر قىلچىلىك ئاياش،
بۇنچىلىك ياش تۆكمەس ئىدىغۇ ئىنسان؟!...

1995-يىل يانۋار، تۇرپان

# ھايات ناخشسى

(لىرىك داستان)

بىر ناخشا سىرغىيدۇ ھايات تېنىدىن،
بۇ ھەسرەت، پۇشايمان، يىغا ناخشىسى.
پەلەكنىڭ چاقلىرى ئىنسان قېنىدىن،
ئايلىنىپ باراركەن (يالغان باشقىسى).

مەنمۇ شۇ ناخشىدا كەلدىم سۆرىلىپ،
گاھىدا يىقىلىپ، گاھىدا راۋان.
بۇ دەردلىك دۇنياغا يىغلاپ تۆرىلىپ،
يەنىلا قىيالماي كېتەركەن ئىنسان.

※

ھاياتلىق دەھشەتمۇ ۋە ياكى ئۆلۈم،
دەھشەتلىك پەيتلەردە ياشايمىز داۋام.
ھاياتقا بىر دەقىق بولساڭ بىكۆيۈم،
لېۋىڭگە تەگلىتەر زەھەر تولغان جام.

جۇدالىق ئازابىن تارتىسەن رەت-رەت،
«ئاھ» لاردىن ئوت كېتەر تىنىقلىرىڭغا.

ھەسرەتتە تولغىنىپ ياشايسەن ئەبەد،
(ئۆزگىلى سۆمۈ يوق بىلىقلىرىڭغا.)

ھەقىقىي ئىنسانلىق قىسمىتى ئازاب،
دەرد - ئىسە ئوتىدا تاۋلىنار ئادەم.
بىر مەزگىل شادلىقتا كەلسەڭمۇ ياشاپ،
كەينىڭدىن ئىز بىسىپ كېلىدۇ ماتەم.

بەخت — ئۇ ئۆتكۈنچى، ئېزىتقۇ ئالۋۇن،
بىردەملىك سېھرىدە كۆلدۈرەر سېنى.
ئاھ بىردىن باشلانسا قاپقاراڭغۇ تۈن،
تامچىلاپ تۆكەيدۇ تاقەتنىڭ قېنى!

دۇنيادا بەختتىن تاپقان كىم ۋىسال،
مەن غالىب دېگەنلەر بىچارە ئاخىر.
تۆيۈقسىز خۇشاللىق قىلسىمۇ جۇلال،
ۋە لېكىن ئۇ زۇلمەت ئالدىدا دىر-دىر.

يېگانە ئولتۇرۇپ چېكىسەن پەريات،
بۇ دۇنيا كۆرۈنەر ساڭا قاراڭغۇ.
بىردىنلا ئۇتۇقلار بەرگەندە قانات،
ئىگىلەر قەلبىڭنى بىر گۈزەل تۇيغۇ.

ھاياتلىق بىلىنەر ساڭا سۆيۈملۈك،
كەلگۈسى ئويۇڭدا قۇياشتەك چاقنار.
ھەزەر قىل يولۇڭدا ھەسرەت كۆمۈكلۈك،
قوينىغا تارتماقتا سېنى سوغۇق غار.

ھەممىمىز تەقدىرنىڭ ئالدىدا مەغلۇب،
ياشايمىز سۆيۈملۈك ئازاب ئىلكىدە.
بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئۈمىدكە تولۇپ،
قالىمىز ھەسرەتنى يۇدۇپ يەلكىدە.

دۇنيادا دوست ئەمەس ساڭا ھېچ كىشى،
ۋە ياكى «بەختىڭ» گە ئۆمۈرلۈك دۇشمەن.
ھاياتلىق پەسلىڭنىڭ ياز ياكى قىشى،
«ئۆزلۈك» نىڭ يولىدا پاچاقلاپ كىشەن.

ئاھ ئۇرۇش بىھاجەت ھەرقانداق ئويدا،
تۇرمۇشنىڭ تەشۋىشى ئىچىدە يىغلاپ.
مەيلى يۇر قەيەردە قايسى خىل كويدا،
باشقىلار كېتىدۇ سۆيۈڭنى بۇلغاپ.

قېرىنداش مېھرىدىن ئالىسەن ھۇزۇر،
لېكىن ئۇ ئۆمۈرلۈك بولالماس ھەمرا.
بىردىنلا يېقىنىڭ كۆرسەتسە كوزۇر،
تومۇزدا مۇز بولۇپ قاتىسەن تەنھا.

بەزىلەر يېتىلەپ ماڭىدۇ سېنى،
ئۇلارغا سېزىسەن ئۆزۈڭنى يېقىن.
ۋە لېكىن مۇددىئا چۆچۈتەر سېنى،
يالمىسا كۆلكەڭنى دەھشەتلىك ئىقىن.

مەئىشەت قوينىدا دۇنيانى ئۇنتۇپ،
ئەقىدە چېگراسىن ئۆتىسەن بۇسۇپ.

كەلگۈسۈڭ ھاۋادەك بىردىن تۈتۈلۈپ،
يولۇڭدا ئازغانلار كېتىدۇ ئۆسۈپ.

چۆچۈپ باش كۆتۈرۈپ تۇۋلايمەن ئۇزاق،
تاغلارمۇ بىر سادا بەرمەيدۇ لېكىن.
ئالدىڭغا ماڭار يوق، يولۇڭدا توزاق،
ئەڭ توغرا تاللاش شۇ، ئارقاڭغا چېكىن!

ئۈمىدلىك ياشايسەن بۇندا خاتىرجەم،
مەشغۇللۇق ئىلكىدە كەسپىڭگە چۆكۈپ.
تاپ بېسىپ كېلىدۇ لېكىن مىڭ ئەلەم،
ئاقارغان يولۇڭغا ياشلارنى تۆكۈپ.

تىنىمسىز تۆكۈلەر، تۆكۈلەر ياشلار،
بۇ ھىجران يېشىمۇ ياكى پۇشايمان.
ئېرىمەس نە ئۈچۈن مىڭ يىللىق تاشلار،
ياش تۆكۈپ ياشامدۇ بۇندا ئالامان.

دېمەككىم تىرىكسەن تاپمايسەن ئارام،
مىڭ خىل دەرد، كەيپىيات ئۆمۈرۈڭنى غاجار.
چاپىسەن تېۋىپقا ئېغىر دەپ يارام،
ئاخىرى بۇ كېسەل جېنىڭنى ئالار.

بەزىدە ئېرىشىپ قالىمىز بىردىن،
كۈتمىگەن ۋاقىتتا غايەت شادلىققا.
تېخىمۇ چوڭ خۇشلۇق كەلتۈرۈش ئۈچۈن،
ئاخىرى ئۇسىمىز لېكىن قاتتىققا.

ئاھ دۇنيا بىۋاپا، خوۋلۇقسىز دۇنيا،
كىملەر ئاھ ئۇرمىغان سىنىڭ قولۇڭدا.
ھەر ئادەم ئۆز قەلبى ئىچرە تۇتىيا،
ۋە لېكىن خارلانغان كىم ئۇ بولۇڭدا.

كۈلكىلەر ياسالما، كۆز ياش ھەقىقەت،
كۆرۈنۈش ئاخىرى چېقىلار قاتتىق.
دۇنيادا مەۋجۇتتۇر ئاداققى نەپرەت،
شۇڭلاشقا تۇيۇقسىز توختايدۇ تىنىق.

مۇھەببەت، سۆيگۈ ئۇ ئازابنىڭ گۈلى،
بۇ گۈلدىن بىزلەر كىشىلىك ھايات.
قالغاندا ۋىجداننىڭ ئاداققى كۈلى،
بولارسەن بىردىنلا تەقدىردىن ئازاد.

ناتونۇش قۇردىشىم قول بەرگىن جىمجىت،
مۇز كەبى بارماقلار كىرىشسۇن مەھكەم.
تەنھالىق ئىلكىدە بولغاندىن تىت-تىت،
قەلبىمىز مېھىرگە تويۇنسۇن بىردەم.

ساقىيا مەي قۇيغىن جامغا تولدۇرۇپ،
ياش بىلەن يۇغۇرۇپ كۆتۈرەي شۇئان.
خىيالغا شۇڭغۇساڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئازابتا كۆيگەندەك بولىسەن ھامان.

دۇنيادا مەۋجۇتتۇر سۇس كۈلۈمسىرەش،
ۋە يەنە دەردمەنلەر ئارا تەبەسسۇم.

بەختسىز مىنۇتتا ئاھ ئۇرۇپ سۆزلەش،
ئەمەستۇر ھەر ۋاقىت زىمىستان مەۋسۇم.

مۇھەببەت بار سەندە (ئوت كەبى تىنىق،)
ئۇ مەڭگۇ مەھبۇبەڭ قەلبىدە ھايات.
تۇرمۇشتا سۆيگۈنىڭ رەڭلىرى قېنىق،
ئۆزەڭگە مەنسۇپتۇر ئەتىكى قانات.

شاراب ھەم مۇھەببەت، ۋاپادار قەلەم،
بولسا گەر ھەر ۋاقىت ساڭا تەقدىرداش.
باسسىمۇ ئۇستۇڭنى مىڭ پاتمان ئەلەم،
يەنىلا شاد كۈلۈپ ياشايسەن ئاداش...

بىر ناخشا سىرغىيدۇ ھايات تېنىدىن،
بۇ ھەسرەت، پۇشايمان، يىغا ناخشىسى.
ھاياتنىڭ تاتلىقمۇ يېرى بار لېكىن،
بۇنى سەن قەلبىڭدىن ئىزدە ياخشىسى.

1995-يىل يانۋار، تۇرپان

مەسئۇل مۇھەررىر: بارنجان زەپەر
ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب
(شېئىرلار)
ئۆمەرجان سىدىق
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خۇاچىڭ پەن - تېخنىكا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3,000
ISBN 7—228—06829—7/I. 2496
باھاسى: 7.00 يۈەن

封面设计：艾克拜尔．沙力

تاغلاردىن سورىدىم:

— ھاياتلىق نېمە؟

— مەۋجۇتلۇقىڭنى بىلدۈر جاھانغا!

زېمىندىن سورىدىم:

— مۇھەببەت نېمە؟

— پاكىز ئەھدىڭنى سىڭدۈر تومۇرۇڭدا قانغا.

دەريادىن سورىدىم:

— بەخت ئۇ نېمە؟

— بىر تامچە شەبنەم بوپ سىڭگىن تۇپراققا.

ئاسماندىن سورىدىم:

— ماماتلىق نېمە؟

— روھىڭ ئاھاڭ بولسۇن ئۆلمەس قوشاققا.

ISBN 7-228-06829-7

9 787228 068296 >

ISBN 7-228-06829-7
I·2496(民文)定价:7.00元